شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·8



خەلقئارالىق سەۋىيىگە ئىگە تۇرپان - قۇمۇل ئېدىر نېفىتلىك يەرلەشمە پونكىتى

# يول ئېچىپ ئىلگىرلەۋاتقان جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تارماق شىركىتى

جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پاي چەكلىك شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى تارماق شىركىتى تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى نېفىت ، گازنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان .

2000 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى پىچان ، ئېدىر قاتارلىق 20 نەچچە نېفىتلىك ، گازلىقنى بايقىدى ، نېفىت ۋە گازنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان زاپىسى تەخمىنەن 300 مىليون توننىغا يەتتى . قېدىرىپ تەكشۈرۈش دائىرىسى سەنتاڭخۇ ئويمانلىقى ، مىنخې ئويمانلىقى ۋە لىيۇيۈەنشەن ئويمانلىقىغىچە كېڭەيدى . نۆۋەتتە يىلىغا 3 مىليون 400 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە باشقا جايلارنى 600 مىليون كوبمېتىر تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ھازىرلاپ ، ئۆزگىچە گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ، بېسىم بىلەن قاتلام يېرىش ، گاز بىلەن كۆتۈرۈپ نېفىت ئېلىش قاتارلىق ئون چوڭ يۈرۈشلەشكەن نېفىتلىكنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى . نېفىتلىكتە ئاپتوماتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان ، قۇدۇق پونكىتلىرىدا دىجورنىلىك قىلىدىغانلار يوق ، سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش ، يەتكۈزۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا يىراقتىن ئۆلچەش ، يىراقتىن كونترول قىلىش ، يىراقتىن ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئاپتوماتلاشقان ، 1 مىليون توننىلىق نېفىتلىكنى 100 ئادەم باشقۇرىدۇ . 1995 - يىلى « جۇڭگو ئومۇرتقىسى » لەۋھەسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە 500 كۈچلۈك دۆلەت كارخانىسى ئىچىدە 115 - ىنچى بولدى . 1996 - يىلى چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىسى قاتارىغا كىردى . دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان تۈرلۈك باج سوممىسى 2 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ .

ماقالىنى خۇاڭ جى يازغان



شىركەت شەرەپ بىلەن مەملىكەتلىك « 1 - ماي ئەمگەكچىلىرى » تەقدىرنامىسىگە ئېرىشتى .


باش دىرېكتور ، پارتكوم شۇجىسى سۈي جى گاڭ (ئوڭدىن ئىككىنچى كىشى) مۇئاۋىن باش دىرېكتور ، پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى جۇ-خۇيۇ (سولدىن بىرىنچى كىشى) . مۇئاۋىن باش دىرېكتور يۈەن مىڭشياڭ (سولدىن ئىككىنچى كىشى) باش بوغالتىر (ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) .


نېفىتلىكتىكى تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنىڭ بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى .


قېدىرىپ تەكشۈرۈش خادىملىرى دالادا گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقتا .


نېفىتلىكتىكى يەر تەتقىقات خادىملىرى چەت ئەللەر بىلەن تېخنىكا ئالماشتۇردى .


مەملىكەت بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە پىچان نېفىتلىك بىرلەشمە پونكىتى

# يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ مۇستەھكەم ئابىدە تىكلەيلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى بىجانىدىل يۈرگۈزۈپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەردە يېڭى ئابىدە تىكلەشكە غايەت زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن سۆزىدە پارتىيىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىشنى شەرھلىگەندە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغانلىقى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغانلىقى، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش توغرىسىدا توختالغاندا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. باش شۇجىنىڭ بۇ باياناتلىرى يۈنۈن پارتىيىگە، بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىغا ئېنىق ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ يولى، ئۇ پارتىيىنىڭ باشتىن ئاخىر جۇڭگودىكى ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. پۈتۈن پارتىيە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدۇ، مەڭگۈ دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ، خەلقنى يېڭى غەلىبىگە باشلىيالايدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلىدى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ كونكرېت ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغانلىق بولماستىن، ئاساسلىقى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق رولى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭ - چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا قانۇنىي تەرتىپ بويىچە تەدبىر بەلگىلەپ، ئۇنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى خەلقنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەدبىر بەلگىلەشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى توغرىسىدىكى مۇھىم باياناتىدا، پارتىيىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە قارىتا تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە نىشاننى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە، ئاساسىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي پروگراممىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، نىشاننى توغرىلاپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى سەھىپە يارىتىشى لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنى ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇشى لازىم.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال)　　( 月刊 )

2001 - يىل 8 - سان

(ئومۇمىي 221 - سان)　　(21 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر مامۇت، نۇرگۈل كېرەم


## رەھبەرلەرنىڭ سۆزى


ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا سۆزلەنگەن سۆز............ھامىدىن نىياز ( 4 )


## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر


يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تېگىشلىك «چوڭ - چوڭ ئىشلار» ............ جاڭ كېچياڭ　شياڭ شيۇلياڭ　ليۇشۇگو　تيەن بياۋ ( 7 )

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەمۇرلارنى باشقۇرۇشتا گەۋدىلىنىشى كېرەك ............ ئوبۇل مۇھەممەت ( 12 )


## قانۇن تەتقىقاتى


يېڭى «نىكاھ قانۇنى» نىڭ يېڭىلىقى نەدە؟ ............ ( 17 )


## مۇلاھىزە


ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىدىكى سەۋەب ۋە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم ............ ئايگۈل ئىبراھىم ( 30 )

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ بىر شەرتى ئەدلىيە ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇش ............ نۇسرەت كېۋىر ( 33 )

ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنىڭ سىپاسىنى ئۆستۈرۈش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئېھتىياجى ............ توختىروزى مەتنۇرى ( 35 )


## جەمئىيەت ۋە كۆزنەك


ئىقتىدارلىقلار قېلىپ، ئىقتىدارسىزلار ئۆستۈرۈلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ تەكتىگە نەزەر ............ باتۇرجان ئاتىخان ( 58 )

جەرىمانە قويۇش راستىنلا مەمۇرىي ھوقۇق ئاجىزلاپ قالغانلىقىمۇ؟ ............ قۇربان ئابلىمىت ( 60 )


## خىزمەت تەتقىقاتى


«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى ............ مەھەممەتجان غوپۇر ( 20 )

«ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى» گە تەۋسىيە ............ جاڭ رېنكى، جېڭ شۇ چېڭ ( 24 )


## تارىختىن سۆز


باي ناھىيىسىدىكى ياقائېرىق مىستاغ مىس كېنى خارابىسى ............ يۈسۈپ ئەرشىدىن ( 49 )

## قانۇندىن ساۋات

بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتى توغرىسىدا ....................ئارزۇگۈل ئابدۇللا ( 26 )

## خەلق قۇرۇلتىيى سېپىدە

خەلق ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىش.................... ئەزىز توختى ئەيىندىن ئېلى ( 37 )

## خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى « پارتىيە قەلبىمدە » دېگەن تېمىدا نۇتۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى قا.
تارلىق 5 پارچە ماقالە ....................(.47.)

## تەرمىلەر

زۇڭلى جۇ ئېنلەي بىر پۈلڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىنى چاقىرغان قاتارلىق 5 ماقالە . ....................( 42 )

## بىلىۋېلىڭ

بېلىق قىلتىرىقى گالغا تۇرۇپ قالغاندا... قاتارلىق 4 ماقالە ....................( 43 )

## دۇنياغا نەزەر

ئىسپانىيە قانۇنىدىن تەرمىلەر قاتارلىق 2 ماقالە.................... ۋاڭ فاڭ ( 52 )

## دېلو مىسالى

سۈرەت ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولامدۇ ؟ ....................خۇشىيلڭ ( 44 )

## ئەتىرگۈل

ۋىدالىشىش مۇراسىمى .................... ليۇليۇلياڭ ( 56 )

## ئېلانلار

....................( 63 )

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى : ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ ئاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش
ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى : 830000
ئادرېسىمىز : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورو
تېلېفون: 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدا سۆزلەنگەن سۆز

ھامىدىن نىياز

يولداشلار:

دائىمىي كومىتېت ئورگىنىمىزنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى ۋە كۇرسانتلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشى ئارقىسىدا بۇ قېتىمقى كۇرس ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. كۆپچىلىك دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى كۈچەيتىش مەزمۇنىنى چۆرىدىگەن ھالدا دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەمدە ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش تەرتىپى، يولى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولدى. كۇرسقا قاتناشقان 60 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى كادىرى تەربىيىلەش مەركىزىمىزنىڭ تۇنجى قارار مىللىي سىنىپىنىڭ كۇرسانتى بولۇپ قالدى. مەن يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

بىزنىڭ بۇ خىل كۇرسلارنى ئېچىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كادىرلىرىنى تۈركۈم ۋە قاتلاملار بويىچە تەربىيىلىشىمىز خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىرلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى بىر تۇتاش ھالدا ئالغا سىلجىتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تۆۋەندە مەن بۇ قېتىمقى كۇرسقا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن:

**1. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى كۇرس ئېچىپ**



**تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى**

ئېلىمىز ۋە خەلقئارادا ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىيات ئۇچقاندەك تېز بولماقتا، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزمۇ ناھايىتى زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش بولماقتا، بۇ ھال بىزدىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنى، خىزمەت قەدىمىدە يېڭى بىر يۈكسىلىش ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلماقتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتۇش تولىمۇ زۆرۈر. خەلق قۇرۇلتىيىدا كادىرلارنىڭ ئالمىشىشى نىسبەتەن كۆپ، يەنە كېلىپ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىرلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ياخشى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى، رولى، خىزمەت تەرتىپى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىغا ئائىت بىلىملەرنى، دۆلەتنى قانۇن

ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى نەزەرىيىسىنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ئۈچۈن ئۆگىنىشنى تەكىتلەش بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. كومىتېت باشلىقى لى پېڭنىڭ بۇ يىل 3 - ئايدا ئېچىلغان 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا «ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن مەسىلىنى مەخسۇس چوڭ بىر نۇقتا قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشى بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلى ئەلۋەتتە كۆپ خىل. خىزمەت داۋامىدا ئۆگىنىش بىزنىڭ ئىزچىل ئۇسۇلىمىز. بىراق بۇنىڭدا چوڭقۇرلۇق ۋە سىستېمىلىق جەھەتتە كۆزلىگەن نىشانغا يېتىش تەس. شۇڭا بىز بۇ مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەخسۇس ئايرىم بىنا سېلىپ خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنى قۇرۇپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ئىشى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئىمدىكى گەپ يولداشلارنىڭ كۇرس ئارقىلىق تەربىيىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، كۇرسلارغا قىزغىنلىق بىلەن قاتنىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى ئۇنۇم ھاسىل قىلىشىدا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، خىزمەتلەردە يېڭى نەتىجە يارىتىشىدا.

**2 . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى چوقۇم ياخشى ئىگىلىشى كېرەك**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە مۇلازىمەت قىلغۇچىلاردۇر. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت بىلىملەر ئىنتايىن كۆپ، ئۇ دۆلەت باشقۇرۇش ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە شۇنداقلا نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە چېتىلىپ كېتىدۇ. بۇلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنداقتىمۇ ئەمەلىي خىزمەتنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا ئائىت ئاساسىي بىلىملەرنى ئالدى بىلەن ئۆگىنىشى، ئۇنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ئىگىلىنىشچە، يېقىندىن بېرى قىسمەن ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش ئىشلىرىدا قانۇنىي تەرتىپكە خىلاپ بەزى ئىشلار يۈز بەرگەن. گەرچە بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا بولسىمۇ، بۇ ئىشتا يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى قانۇنىي تەرتىپكە خىلاپ كېلىدىغان بۇنداق ئىشلارغا دۇچكەلگەندە، پارتكوم مەسئۇلىغا ئالاقىدار قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، كادىر يۆتكەش ئىشىنىڭ قانۇنىي دائىرىدە توغرا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن، تەشكىلىي قانۇن، سايلام قانۇنى، ۋەكىللەر قانۇنى، نازارەتچىلىك نىزامى، ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتىنىڭ خىزمەت نىزامى ۋە يېزا بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى قاتارلىق كەسپىي خىزمەتكە ئائىت قانۇن - نىزاملارنى شۇنداقلا خەلق قۇرۇلتىيىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي بىلىملەرنى چوقۇم پىششىق ئۆگىنىشى، شۇ ئاساستا بىلىم سەۋىيىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**3 . نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، نازارەتچىلىكنىڭ يوللىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش كېرەك**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ تۆت چوڭ ھوقۇقى بار. بۇنىڭ ئىچىدە نازارەتچىلىكنىڭ سالمىقى ئېغىر، چېتىلىش دا-

ئىرىسى كەڭ. نامىيىلىك ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولمىغاچقا، نازارەتچىلىك تەبىئىي ھالدا ئېخىمۇ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئېيىسۇسكى، نازارەتچىلىك ئىزچىل تۇردە خىزمىتىمىزدىكى بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. مەملىكەت خاراكتېرلىك بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك قانۇنىنى تۈزۈۋاتىدۇ. بىز 1995 ـ يىلىلا ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامىنى تۈزۈپ يولغا قويغانىدۇق. ئۇنىڭ رولى زور بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى قانۇن ئىزىغا چۈشتى، نازارەتچىلىك خىزمىتىدە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىندى، ناھايىتى ياخشى تەجرىبىلەرمۇ بارلىققا كەلدى. لېكىن، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، نازارەتچىلىك خىزمىتى تېخى ئاپتونوم رايونىمىزدا دېگەندەك ياخشى ئىشلىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ناھىيە ۋە يېزىلاردا خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى تېگىشلىك نوپۇزغا ئىگە بولالمايىۋاتقان ياكى ئۇلارنىڭ نازارەتچىلىكى شەكىل ۋە رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال خېلىلا ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا، خېلى بىر قىسىم جايلارنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتى ئۇسۇل جەھەتتە ئاددىي ھالدا تەكرارلىنىشتىن ھالقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ، كونا رامكىدىن چىقالمايۋاتىدۇ، ھەتتا بىر ئىزدا توختاپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ، ياخشى ئەھۋال ئەمەس، مېنىڭچە نازارەتچىلىك خىزمىتىدە قوللىنىشقا ۋە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك ئۇسۇل ـ چارىلەر خېلى كۆپ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى ئېنىق بەلگىلەنگەن، بىز قانۇنغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇسۇل ۋە شەكىللەردىن پايدىلىنىپ بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن ياخشى چىقىشىمىز كېرەك. ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، دادىل ۋە دۇرۇس بولۇپ، نازارەتچىلىكنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، خىزمەتلەردە ھەقىقىي ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشىمىز لازىم.

كۆرس مۇزاكىرىسىدە يولداشلار يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، قىيىنچىلىقلار ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك پىكىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تەشكىللەپ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بارىمىز ۋە يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەل قىلىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىندىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش نىزامىنى تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ نىزام تۈزۈپ ئېلان قىلىنسا يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر قانۇنىي يوسۇندا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، مەن يولداشلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىلىك ھوقۇقلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى يۈرگۈزۈش، دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە ۋەكىللەر خىزمىتىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، ئىجابىي ۋە بۆسۈش خاراكتېرلىك پىكىر، تەكلىپلەرنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمىتىنىڭ ئومومىيۈزلۈك ئالغا يۈكسىلىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ئېگىشلىك «چوڭ ـ چوڭ ئىشلار»

جاڭ كېچياڭ   شياڭ شيۇلياڭ   ليۇشۇگو   تيەن بىياۋ

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » نىڭ دائىرىسىنى توغرا ئىگىلەش يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار» نىڭ دائىرىسىنى ئىگىلىۋېلىشىمىزدە ئاۋۋال شۇ « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » نىڭ دائىرىسىنى بېكىتىشتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي پرىنسىپلارنى روشەنلەشتۈرۈۋېلىشىمىز لازىم.

## 1 . قانۇندا بېكىتىلگەن پرىنسىپلار

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆز خىزمەت هوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە مۇهاكىمە قىلىدىغان، قارار قىلىدىغان « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » توغرىسىدا قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. « يەرلىك تەشكىلىي قانۇن» نىڭ 8 ـ ماددا 3 ـ، 10 ـ، 11 ـ تارماقلىرىدا يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈش دائىرىسى توغرىسىدا بىر قەدەر پرىنسىپلىق بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان؛ 44 ـ ماددا 4 ـ، 5 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 14 ـ تارماقلىرىدا يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن. « تەپتىش مەهكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى » ۋە بەزى يەرلىك نىزاملاردىمۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار قىلىش هوقۇق دائىرىسى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمىلەر بار.

بىز چوقۇم قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىشىمىز، قانۇن بەلگىلىمىلىرىنىڭ دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، هەم خىزمەت هوقۇقىمىزنى تولۇق يۈرگۈزۈشىمىز، هەم هوقۇقتىن هالقىپ هەممىگە چات كىرىۋېلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

## 2 . چوڭ ـ چوڭ ئىشلار پرىنسىپى

« چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » دېگىنىمىز، شۇ مەمۇرىي رايون دائىرىسىدىكى بىر مەزگىلدە مەركىزىي ۋەزىپىلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك چوڭ ـ چوڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ شۇ مەمۇرىي رايونغا نىسبەتەن تۈپ خاراكتېرلىك، ئومۇمىي ۋەزىيەت ۋە ئۇزاق مۇددەتلىككە ئىگە ئىشلار بولۇشى، خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئىنكاس قىلىشى لازىم. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاشۇ مۇهىم مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن هالدا مۇناسىپ قارار چىقىرىپ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ماسلاشتۇرۇلغان، سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

### 3 . ئاممىۋىلىق پرىنسىپى

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارار چىقىرىدىغان « چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى » ئىينى ۋاقىتتا يەنە خەلق ئاممىسى ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئىنكاسى كۈچلۈك مۇھىم، چوڭ مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلار « خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلامدۇ، يوق »، « خەلق ئاممىسى قوشۇلامدۇ، يوق »، « خەلق ئاممىسى خۇشال بولامدۇ، يوق »، « خەلق ئاممىسى رازى بولامدۇ، يوق » دېگەندەك چوڭ ھەق، چوڭ نامەقكە ياتىدىغان ئىشلاردۇر. ئومۇمەن خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلىدىغان، قوشۇلىدىغان، خۇشال بولىدىغان، رازى بولىدىغان، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىكى ئىشلار « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » بولۇپ، ئۇلار دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، قېلىپلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەشەببۇس قىلىنىشى لازىم. ئومۇمەن خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلمايدىغان، قوشۇلمايدىغان، خۇشال بولمايدىغان، رازى بولمايدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە زىت كېلىدىغان ئىشلارنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تەڭشىشى، تەرتىپكە سېلىشى ۋە تۈزىتىشى كېرەك.

### 4 . ئەمەلىيلىك پرىنسىپى

« چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » مۇتلەق بولمايدۇ. نېمىنىڭ « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » ئۆلچىمىگە توشىدىغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشمۇ مۇتلەقلىقكە ئىگە ئەمەس. مەلۇم ۋاقىتتىكى « چوڭ ئىش » باشقا بىر ۋاقىتتا « چوڭ ئىش » بولۇشى ناتايىن، مەلۇم بىر جايدىكى « چوڭ ئىش » يەنە بىر جايغا نىسبەتەن « چوڭ ئىش » بولۇپ تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز نوقۇل ھالدا شەيئىنىڭ ئۆزىنى چىقىش قىلىپلا، ئۇنى « چوڭ ئىش »، « مۇھىم ئىش » دەپ ھۆكۈم قىلماسلىقىمىز، ۋاقىت ۋە ئورۇنغا قاراپ ئىش قىلىشىمىز، يولۇققان ئىشلارنى ئالاھىدە مۇھىت ئۈستىگە قويۇپ تەكشۈرەلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بېكىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم. مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار مەلۇم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرسە، بۇ شۇ جايلار ئۈچۈن ئېيتقاندا چوڭ ئىش ھېسابلىنىدۇ، لېكىن باشقا مىللىي ئاپتونومىيىنى يولغا قويمىغان جايلاردا بۇنداق « چوڭ ئىش » مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

قىسقىسى، قايسى ئىشلارنىڭ « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » بولۇشىغا ھۆكۈم قىلغاندا، چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، ئۆز مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى ئوخشىمىغان ۋاقىت، ئوخشىمىغان زامان ـ ماكاندىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئەھۋالنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش ھەمدە تەڭ، ئەتراپلىق ئېتىبار بېرىش كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى « چوڭ ـ چوڭ ئىشلار » ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىپ، قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، ھېچبولمىغاندا تۆۋەندىكى يەتتە مەزمۇننى ئەستايىدىل ئويلىشى لازىم :

**1) ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، ساقلىقنى ساقلاش، مۇھىت ۋە بايلىقنى ئاسراش، خەلق ئىشلىرى، مىللەتلەر خىزمىتى قاتارلىقلاردىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار**

بىرىنچى، سىياسىي جەھەتتە. ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى مۇھىم سىياسىي فائالىيەتلەر، ئىسلاھات تەدبىرلىرى؛ قانۇنلار، نىزاملارنى يولغا قويۇش تەرەپلىرىدىكى چوڭ ـ چوڭ چارە ـ تەدبىرلەر؛ دۆلەت ئورگانلىـ

رىنىڭ نۇۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىدا ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيىدا مەخسۇس كومىتېت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش؛ قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى؛ جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش؛ زەھەر ۋە قىمارنى چەكلەش؛ يوقسۇللارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشقا دائىر مۇھىم تەدبىرلەر؛ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىشكە دائىر مۇھىم تەدبىرلەر؛ ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش؛ پاكلىق قۇرۇلۇشى؛ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش؛ قانۇن ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈزەش؛ شەھەر (ناھىيە، رايون)نى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا دائىر چارە - تەدبىرلەر؛ ھۆكۈمەت تۈزگەن، نىزام چىقىرىش خاراكتېرىگە ياتمايدىغان باشقۇرۇش چارىلىرى، بەلگىلىمىلىرى، قائىدىلىرى، دوست شەھەر بولۇش ئەھدىنامىلىرىنى تەكشۈرۈش - تەستىقلاش؛ پىداكارلىق فوندى تەسىس قىلىش قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، ئىقتىسادىي جەھەتتە. شەھەر قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانى؛ شەھەر خاراكتېرى، كۆلىمى، تەرەققىيات نىشانى ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا دائىر چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇشلار؛ چوڭ - چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشلەر؛ چوڭ - چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى؛ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش؛ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش؛ تاغلىق جايلارنى ئېچىش؛ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ قىسقا، ئوتتۇرا، ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانى؛ نامراتلارنى يۆلەشتە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، مۇستەھكەملەش؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىسلاھاتى؛ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش؛ تاشيول، دەريا ئېقىنلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تۈزەش قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى، مائارىپ جەھەتتە. خەلق مائارىپى فوندى تەسىس قىلىش؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش؛ مائارىپ خىزمىتىگە ئالاقىدار باشقۇرۇش چارىسى، بەلگىلىمىلىرى، قائىدىلىرىنى تەستىقلاش قاتارلىقلار.

تۆتىنچى، ئىلىم - پەن جەھەتتە. پەن - مائارىپقا تايىنىپ شەھەر (ناھىيە، رايون) گۈللەندۈرۈش پىلانى؛ پەن - تېخنىكا سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش؛ پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە ئالاقىدار باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى تەستىقلاش قاتارلىقلار.

بەشىنچى، مەدەنىيەت جەھەتتە. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى؛ مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش - ئاسراش؛ ئومۇمىي خەلق ساغلاملىق ھەرىكىتى؛ مەدەنىيەتكە ئالاقىدار باشقۇرۇش چارىسى، بەلگىلىمىسى، قائىدىلىرىنى تەستىقلاش قاتارلىقلار.

ئالتىنچى، ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ داۋالاش، دورا بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش؛ يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ ھەقسىز قان تەقدىم قىلىش؛ ساقلىقنى ساقلاشقا دائىر باشقۇرۇش چارىلىرى، بەلگىلىمىلىرى، قائىدىلىرىنى تەستىقلاش قاتارلىقلار.

يەتتىنچى، مۇھىت ۋە بايلىق ئاسراش جەھەتتە. شەھەرلەردە سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز»نى چەكلەش؛ شاۋقۇننى چەكلەش؛ پوجاڭزا ئېتىشنى چەكلەش؛ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش؛ ئورمانچىلىق، مۇھىتقا دائىر باشقۇرۇش چارىلىرى، بەلگىلىمىلىرى، قائىدىلىرىنى تەستىقلاش قاتارلىقلار.

سەككىزىنچى، خەلق ئىشلىرى جەھەتتە. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش؛ مېيىپلارغا ياردەم بېرىش؛ رايون ئايرىمىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى؛ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھا-

كومىتېت قۇرۇلۇشى؛ خەلق ئىشلىرى خىزمىتىگە ئالاقىدار چارە، بەلگىلىمە، قائىدىلەرنى ئەستىقلاش قاتارلىقلار.

توققۇزىنچى، مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتە. مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

**2) ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، خام چوتنىڭ قىسمەن ئۆزگىرىشى**

ئادەتتە، پىلان، خام چوت شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىيات داۋامىدا ھەرخىل كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تەسادىپىي پەيدا بولغان ۋەقەلەر ۋە ياكى تەبىئىي ئاپەتلەر قاتارلىقلار. پىلان، خام چوتنىڭ قىسمەن تەڭشىلىشى ياكى ئۆزگىرىشىنىڭ ئالاھىدە مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

①ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق پىلان كۆرسەتكۈچلىرى تەڭشىلىشكە تېگىشلىك بولسا؛ ② بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان كۆرسەتكۈچى تەڭشىلىشكە تېگىشلىك بولسا؛ ③ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى كۆپەيتىلىدىغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدىغان بولسا؛ ④ ئالاھىدە ئېھتىياج سەۋەبىدىن چىقىمنى كۆپەيتىش ياكى كىرىمنى ئازايتىشقا توغرا كېلىپ، ئەسلىدە تەستىقلانغان كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭ بولغان خام چوت ئىچىدە دۆلەت ئىچى ياكى چەت ئەلدىن ئېلىنغان قەرز سانى ئېشىپ كېتىدىغان بولسا.

لېكىن، خام چوتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت قايتۇرغان ياكى تولۇقلاپ ياردەم بەرگەن پۇللار خام چوت ئۆزگىرىشى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

**3) بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار، بېكىتىملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش**

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون تەسىس قىلىنغان شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قاراپ چىقىش ئارقىلىق، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار، بېكىتىملىرى ئۈستىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرالايدۇ (بۇ قانۇنغا خىلاپ سايلام نەتىجىسىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى قاراپ چىقىش ئارقىلىق يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار، بېكىتىملىرى ئۈستىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرالايدۇ (بۇ قانۇنغا خىلاپ سايلام نەتىجىسىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

**4) شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق بېكىتمە ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېت يىغىنى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامۇۋاپىق ئىكەنلىكى مۇقىملاشقان بېكىتمە ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرالايدۇ. بۇ يەردە دېيىلگەن «نامۇۋاپىق» تۆۋەندىكى بەش قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

①بېكىتمە ۋە بۇيرۇق ئېلان قىلغان سۇبيېكت ۋە بېكىتمە، بۇيرۇق ئېلان قىلىش تەرتىپى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىسە؛

②قانۇنلار، نىزاملار ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتىملىرىگە قارشى مەزمۇندىكى بەلگىلىمە بولغان بولسا، ياكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قانۇن خاراكتېرلىق ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا زىت كېلىدىغان

بەلگىلىمە بولغان بولسا؛

③قانۇنلار، نىزاملاردا ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىدە ئېنىق بەلگىلەنمىگەن ئىشلارغا قانۇن تۈرغۇزۇش مەقسىتىدە پىرىنسىپ ۋە قارار، بېكىتمىلەرنىڭ روھىغا خىلاپ بەلگىلىمە چىقارغان بولسا؛

④يۇقىرىلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى قاتارلىق يەرلىكلەر بەلگىلىمە تۈزۈشكە بولمايدىغان ئىشلارغا چېتىلىدىغان بېكىتمە ۋە بۇيرۇق بولسا؛

⑤ئوچۇق ئاشكارا قورۇقچىلىق قىلىدىغان، بىرلىككە كەلگەن بازارلارنى بۆلۈۋېلىشقا ياتىدىغان بېكىتمە، بۇيرۇق بولسا.

**5) يەرلىك شەرەپ نامىنى بېرىشنى قارار قىلىش**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بېرىدىغان شەرەپ نامى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بېرىدىغان شەرەپ ناملىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ شۇ مەمۇرىي رايون تەۋەسىدىكى ئەڭ ئالىي شەرەپ بولۇپ، ئەڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە شان ـ شەرەپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: « مۇنەۋۋەر يۇقىرا »، « مۇنەۋۋەر شەھەر ئاھالىسى »، « مۇنەۋۋەر دۆلەت خىزمەتچىسى »، « مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى »، « مۇنەۋۋەر سوتچى »، « مۇنەۋۋەر تەپتىش » دېگەندەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى يەنە بېرىلگەن يۇقىرىقىدەك شەرەپ ناملىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىمۇ قارار چىقىرالايدۇ.

**6) ئايرىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلىش**

« تەپتىش مەھكىمىسى تەشكىلىي قانۇنى »نىڭ 3 ـ ماددىسىدا، تەپتىش ھەيئىتى چوڭ دېلولارنى ۋە باشقا چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، « ئەگەر باش تەپتىش كۆپ سانلىقلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىسا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار چىقىرىشىغا سۇنسا بولىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن.

**7) مەخسۇس تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتلىرىنى ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ نەتىجىسىنى قاراپ چىقىش**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇناسىپ قارار، بېكىتمە چىقىرىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش جەريانىدا بەرگەن پىكىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى يەنە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن مۇناسىپ قارار، بېكىتمە چىقىرىپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇھىم پىكىرلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىرادىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ياخشىلاش، تۈزىتىش ئىرىشچانلىقىدا تۈرتكە بولىدۇ.

(« خەلق قۇرۇلتىيى تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ سانىدىن **سەمەت دۇگايلى تەرجىمىسى**)

# قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەمۇرلارنى باشقۇرۇشتا گەۋدىلىنىشى كېرەك

ئوبۇل مۇھەممەت

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 15 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا باش شۇجى جياڭ زېمىن: «دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولغان، مەخسۇسلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.» دەپ كۆرسەتتى. بۇ، دۆلەت ئاپپارات سىستېمىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، دۆلەت ئاپپاراتىنى ئىخچام، ئۈنۈملۈك قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى ئىستىراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، مەمۇرلارنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى چىڭىتىش ھەققىدىكى دانا تەدبىر بولۇپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشتىكى دەستۇردۇر.

«مەمۇرىيەت»، «مەمۇر» ئاتالغۇلىرى لۇغەت سوستاۋىدىن ئىستېمال سەۋىيىسى باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى تېك لىبىنىيىلىك ئاجىز ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان مۇرەككەپچىلىكتە، «مەمۇرىيەت»، «مەمۇرلار» ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە ئۇ تەخىرسىزلىككە ئىگە. چۈنكى: مۇشۇ ئىككى ئاتالغۇ چىن ماھىيىتى بىلەن مەمۇرلار ئىدىيىسىدىن ھەقىقىي ئورۇن ئالسا ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ ـ دە، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولغان، مەخسۇسلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ» چىقىقىلى بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم قۇرۇش ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت كۈچى بىلەن تەمىن ئەتكىلى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئارزۇسىنى مەركەزلىك ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

«مەمۇرىيەت» دېگىنىمىز: دۆلەت ئورگانلىرى بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانۇن بويىچە دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈدىغان، دۆلەت ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، قانۇن ھوقۇق بەرگەن دائىرىدە دۆلەت ئىشلىرىنى تەشكىللەيدىغان ۋە باشقۇرىدىغان پائالىيەتخانىدۇر. بۇ، كەڭ مەنىدىكى «ھۆكۈمەت» ئۇقۇمىنىڭ مېغىزى، رېئاللىشىش شەكلى ۋە چىن ـ ھەقىقىي مەنىسى. «مەمۇرلار» دېگىنىمىز: بۇرۇندىن ئاتىلىپ كەلگەن «ئەمەلدار»، «ھۆكۈمەت خادىمى»، «خانتامغىنى يەيدىغانلار»، «تۆمۈر تاۋاقى بارلار»، «كادىر»، «دۆلەت خىزمەتچىلىرى» قاتارلىقلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ، مەركىزى خەلق ھۆكۈمىتىدىن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرگىچە دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزىدىغان، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى (مەمۇرىي ئىشلارنى) ئىجرا قىلىدىغان، ئۆز بۇرچىغا سادىق، مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغان خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى، ئېنىقراق دېگەندە شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى، خەلق ئىشلىرى،

قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش چوڭ ئىشى، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرى ... ئومۇمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى مەمۇرلار ــ شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردە ئىشلەيدىغان گا. دىلەر ئارقىلىق رويابقا چىقىرىلىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەمۇرلارنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، تەربىيىلەپ ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، ئاسراپ ئىشلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويدى. مەمۇرى ئىشلارنى ئالدى بىلەن شۇ. لارنىڭ «ئۆزى»گە بىلدۈرۈپ، «ئۆزى»گە قىلدۇرۇپ، «ئۆزگى»لەرگە، باشقىلارغا ئۆلگە بولۇشقا يېتەكلەپ مەمۇرلارنىڭ قابىلىيىتىنى، ھۆكۈمەتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى نامايەن قىلدى.

ھازىر دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئو. مۇمىيەتكە ئايلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويىدۇ. قانۇن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرىدۇ.» دەپ بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدە مەمۇرى ئىشلار مەمۇرى ئىشلار قانۇنى ئارقىلىق بىر ياقلىق قىلىنىدىغان توغرا ئىزغا چۈشتى. مەمۇرى ئىشلارنىڭ مەمۇرى قانۇنلىرى بولۇش ئىشقا ئاشتى. مەمۇرى ئىشلار قانۇنى دېگىنىمىز: دۆلەت مەمۇرى ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت مەمۇرى ئىشلىرىنى تەڭشەش ۋە باشقۇرۇش داۋامىدا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان قانۇن قېلىپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئاساسىي قانۇن، نېگىزلىك قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرى ئىشلار قانۇن ـ قائىدىلىرى، مەمۇرى ئىشلار نىزاملىرى، يەرلىك قانۇن ـ قائىدىلەر، ئاپتونومىيە نىزامى، يەككە نىزاملار، قانۇنلارنى چۈشەندۈرۈش ... قاتارلىق ئىپا. دىلىنىش شەكىللىرىگە ئىگە تارىخىي دەستۇردۇر. دېمەك، مەمۇرلار دۆلەت ئىشلىرىنى مەمۇرى ئىشلار قانۇنلىرى بويىچە بېجىرىدۇ. شۇڭا، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئالدى بىلەن مەمۇرلارنى باشقۇرۇشتا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ «مەكتەپكە بارىمەن» دەپ «سىنىپ»قا كەلگىنىدەك قىلچە دە ـ تالاشسىز ئىش.

دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ بولۇشى، ھەر قايسى مەمۇرى رايونلار ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا دېگەندەك ماسلىشىپ ماڭال. ماسلىقى، يۇقىرىلارنىڭ بولۇپمۇ مەمۇرلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىقى ... قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قىلچە دە ـ تالاشسىز بولغان مەمۇرى ئىش. لارنى مەمۇرى ئىشلار قانۇن ـ قائىدىلىرى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى رويابقا چىقىرىش ئاسان ئەمەس. ھېچبول. مىغاندا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئورۇندىغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنىڭدا، قانۇن ـ تەرتىپلىك بولۇش، تەدرىجى بولۇش، سالماق بولۇش، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا، قانۇن تۈسىگە ئىگە قېلىپلاشقان ھۆججەت. لەرگە ئاساسلىنىپ، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانى بولۇش كېرەك.

قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش مەمۇرلارنى باشقۇ. رۇشتا گەۋدىلىنىشى كېرەك. مەمۇرلارنى باشقۇرۇشتا: «ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغانىكەن چوقۇم ئاساسلىنىش، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈش» نى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇ مەمۇرلارنى باشقۇرۇشنى ئىلـ. مىيلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلىپى بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تەلىپى: دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرىدىكى تۈپ پرىنسىپ بولغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك قانۇن خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچراتماسلىقىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدىغان

ئومۇمىي گەۋدىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى
ۋە تەلىپى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ
« دۆلەت مەمۇرلىرى ۋاقىتلىق نىزامى » ، كادىرلار مى-
نىستىرلىكىنىڭ « دۆلەت مەمۇرلىرىنى مۇكاپاتلاشقا
دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى » ، « دۆلەت مەمۇرلىرىغا
ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرى-
سىدىكى ئۇقتۇرۇش » ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت
مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لايىھىسى » قاتارلىق
قانۇن تۈسىدىكى قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنىڭ ئېلان
قىلىنىشى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ، فۇنكسى-
يىلىك تارماقلارنىڭ مەمۇرلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن ـ
تەرتىپ ئىزىغا سېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى
ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرىدۇر.

دۆلىتىمىزدە مەمۇرى ئىشلار قانۇنلىرىنىڭ خېلى
يېتەرلىك بولۇشى بولۇپمۇ مەمۇرلارنى باشقۇرۇشقا دائىر
قانۇن ـ قائىدە، يەككە نىزاملارنىڭ ئېلان قىلىنىشى
ھەرگىزمۇ بىر خىل « قانۇن مەدەنىيىتى » ئەمەس،
بەلكى، ئۇنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ زورلۇق
كۈچ ئارقىلىق ئىجرا قىلىدىغان مەمۇرى ئىشلار قارىشى.
شۇنىڭدەك دۆلەت « سىياسىتى » دەرىجىسىگە كۆتۈرۈل-
گەن قارارى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز مە-
مۇرلىرىنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشىدىكى دەستۇرى
جۈملىدىن ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى
باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكتە كۆچ چىقىرىدىغان مۇھىم
نۇقتا. چۈنكى، مەمۇرلار مەمۇرى ئىشلارنى مەمۇرى
ئىشلار قانۇنى ئارقىلىق بېجىرسە، ئۆزى مەمۇرى ئىشلار
قانۇنلىرىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلسا، مەمۇرلار
قانۇن بويىچە باشقۇرۇلسا، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش
مەمۇرلارنى باشقۇرۇشتا گەۋدىلەنسە، خەلقنىڭ دېموك-
راتىيىسى ۋە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن ئارقىلىق
كاپالەتلەندۈرۈلسە، شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىق-
تىدارى ئاشىدۇ. شۇ دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلى-
رىنىڭ فۇنكسىيىسى ئادا بولىدۇ. بۇ، ئىككىسى چەم-
بەرچەسلىككە ئىگە. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك
دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بۇنىڭدىن
باشقا مەقسىتى يوق.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، باش شۇجى ئوتتۇرىغا
قويغان « ... دۆلەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولغان...
مەمۇرى باشقۇرۇش كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىد-
قىش لازىم. » دېگەن بۇ مېغىزلىق تەلىپىنى ھەر دە-
رىجىلىك مەمۇرلار ئەستايىدىل ئۆگىنىشتا تېگىشلىك. «
سۈپەت » دېگىنىمىز، تەلەپ ھۆددىسىدىن چىقىشنى،
خىزمەتلەرنى قانۇن ئاساسىدا ئىجادىي قانات يايدۇرۇشى-
مىزنى، ئاساسىي زىددىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىزنى،
ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ.
چولڭ جەھەتتىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا دۆلىتى-
مىزدە ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەت، ئىمىن-
لەش بىلەن كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان
تەلەپ ـ ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتۇر. ھەر
دەرىجىلىك مەمۇرلار بارلىق زېھنى كۈچىنى، ئىقتى-
دار ـ كامالىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت باش
مۇقامنى ئوبدان ياڭرىتىشقا قارىتىشى لازىم. بۇ، دۆلەت
خىزمىتىنىڭ جان ھالقىسى، مۇشۇ، پەقەت مۇشۇلا
ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلىش تەدبىرى. شىنجاڭ-
نىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلغاندا، ئاساسىي زىددى-
يەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر ئالدىنقى شەرتنى ھا-
زىرلاش تەلىپى بار. ئۇ بولسىمۇ تايىنىش نۇقتا مەسى-
لىسى. تايىنىش نۇقتىمىز مۇقىملىق، ئاتىپاراقچى-
لىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا تۈ-
گىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى بۆسۈش ئېغىزى
قىلىپ مىللەت بۆلگۈنچىلىكىگە، زوراۋانلىققا، تې-
رورلۇققا، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ،
ۋەتىنىمىزنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان ئىشلارنى توسۇشىمىز ۋە
تۈگىتىشىمىز لازىم. مۇقىملىق بولغاندىلا شىنجاڭدى-

كى ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم مۇھىتتا، خاتىرجەم روھىي ھالەت بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بولغان تەرەققىيات يولىغا ماڭالايدۇ. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئاساسىي زىددىيەتنى ھەل قىلالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، جىمى ئىش سۇغا چىلىشىدۇ. باش شۇجى ئوتتۇرىغا قويغان سۈپەت تەلىپى ھەرگىزمۇ نۇقۇل ھالدىكى «سىياسىي سۈپەت» مەسىلىسىلا ئەمەس. مۇقىملىقنى ساقلاپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرلار تىرىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش سۈپىتىنى، پاك ـ ئادىللىقنى ساقلاش ئىقتىدارى سۈپىتىنى، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش سۈپىتىنى، بىلىم ـ ئىقتىدار سۈپىتىنى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سۈپىتىنى، قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىش سۈپىتىنى، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش سۈپىتىنى، جاندىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سۈپىتىنى، باشقۇرۇش، ئىش بېجىرىش سۈپىتىنى، دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ باي بولۇشقا يېتەكلەش سۈپىتىنى، ساھە ـ كەسىپلەر ئارا مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش سۈپىتىنى، ئۇچۇر ئىگىلەش، رىقابەتتە بېسىپ چۈشۈش سۈپىتىنى ... ئومۇمەن ھاكىمىيەت قارىشى، دۆلەت ئىشلىرى قارىشى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. باش شۇجىنىڭ تەلەپ قىلغىنى مانا مۇشۇنداق ئومۇميۈزلۈك سۈپەت مەسىلىسىدۇر. بۇ «سۈپەت»نى ھازىرلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەت كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تاشقى ئامىلنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت سەھنىسىدە تاللىنىشقا ياكى شاللىنىشقا «قىستاش» زۆرۈر. يىغىپ ئېيتقاندا، «ئون ئېغىز گەپتىن بىر ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئەلا» دېگەن ھېكمەت بويىچە گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن بىر ـ ئىككىنى ئالدىن ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە شۇ دەرىجىلىك ئىككى مەھكىمە ئۆز تارماقلىرىدىكى مەمۇرلار ئارىسىدا «قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتنامە»سى ئىمزالاپ، يولغا قويۇشنى تېزدىن ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بۇنى قانۇننى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتى، قانۇن ئۆگىنىش تەربىيىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرلاردا تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى جاۋابكار ئورۇنغا چىقىرىش لازىم، بۇ، ۋاقىت، ئادەم، سۈپەت تەلەپ قىلىدىغان چوڭ ئىش. شۇ ئورۇندىكى ئىشلارنى مەمۇرى ئىشلار قانۇنى بويىچە بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان چوڭ ئىش، مەمۇرلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى تۈزۈملەشتۈرۈدىغان، قېلىپلاشتۇرىدىغان چوڭ ئىش. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئارقىلىق يوپۇرغا ناھىيىسىدە ئىشلىۋاتقان مەمۇرلار ئارىسىدا «قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» ئورنىتىش خىزمىتىدىكى مۇنۇ ئىككى ئالاھىدىلىكنى ھەر دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى مەمۇرلارنىڭ مۇھاكىمە ـ مۇتالىئەسىگە سۇنىمەن:

بىرىنچى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئىككى مەھكىمە ئۆز تارماقلىرىدىكى مەمۇرلار ئارىسىدا «قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» ئورنىتىش داۋامىدا مۇنداق بەش ئىشنى ھەققىي تۈردە ئايدىڭلاشتۇردى. 1) قانۇننى ئىجرا قىلىش ئاساسىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 2) بۆلۈم (بۆلۈمچە)، ئىشخانا، ئىش ئورنىدىكىلەرنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 3) قانۇننى ئىجرا قىلىش، يەنى: دېلو بېجىرىش، ئىش بېجىرىش تەرتىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 4) خاتا بېجىرىلگەن دېلولاردىكى مەسئۇلىيەتنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا خاتالىق سادىر قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش، تۆلەم تۆلەتكۈزۈش چارىسىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 5) نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن مەمۇرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتى، مەمۇرلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى تونۇپ يەتتى. بۇ

خىزمەت ھازىر قاتلاممۇ قاتلام « قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش » باسقۇچىغا كىردى.

ئىككىنچى، خ ق دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى مەمۇرلار ئارىسىدا « قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش » خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ، ئومۇمىي گەۋدە بويىچە ئىلگىرى سۈردى. دائىمىي كومىتېت مۇنداق قارىدى: يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىياسىي مۇقىملىقى، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى... قاتارلىق چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى كاپالەتلەندۈرۈش ئېغىر ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. مەمۇرلار ئارىسىدا « قانۇننى ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى » ئورنىتىش ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ ئۆز ئىشى بولۇپ قالماستىن، ناھىيىنىڭ چوڭ ئىشى، بۇنىڭدا، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن نازارەت قىلىشقا قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىنىڭ مۇشۇ چوڭ ئىشىدىكى مەسئۇلىيىتىنى نا- ھايىتى ياخشى ئادا قىلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن مەمۇرلارنى يېتەكلەش ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. يېتەكلىگەن، ئالماشقان، باشقا ۋەزىپىگە قويۇلغان، باشقا ئىش بېجىرگۈچىلىككە قويۇلغان، پېنسىيىگە چىققان، ئىستىپا بەرگەن، تەكلىپ بىكار قىلىنغان، سايلامدا قېلىپ قالغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىرلەشتۈرۈۋېتىش بىلەن ئەسلى ئورنى يوقالغان ...مەمۇرلارغا قارىتا، ئومۇمەن، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش لازىم. تەكشۈرۈش داۋامىدا شۇ كىشىنىڭ تارىخىغا، رېئال ئەھۋالى ۋە قىلمىشىغا ئوبيېكتىپ توغرا باھا بېرىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلارنى، پاك ـ دىيانەتلىكلەرنى، مۇقىملىقنى قوغداشتا تۆھپە ياراتقانلارنى، ئىجادىيىتى كۆپ بولۇپ كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتقانلارنى، دۆلەتنىڭ پۇل ـ مېلىنى تېجىگەنلەرنى، ھەقىقەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قارشى كۈرەشتە تۆھپە ياراتقانلارنى ... ئومۇمەن، خەلق ئىشلىرىغا سادىق بولغان، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىرادىسىنى ھەقىقىي تۈردە گەۋدىلەندۈرگەن قابىل، ئەتىۋا مەمۇرلار مۇكاپاتلىنىشى، ھەمدە ئۇلارغا شەرەپنامە بېرىلىشى، جەمئىيەتكە كەڭ تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۈلگىلىك رولى نامايەن قىلىنىشى، تەقدىرلىنىشى لازىم. تەكشۈرۈش داۋامىدا ناتوغرا ئىستىللارنى ئەۋج ئالدۇرغان، ھاكىمىيەتكە داغ تەگكۈزۈپ چىرىكلەشكەن، خەلققە قارشى يول تۇتقان، ئايىنىپ سۈپىتىنى ئۆزگەرتكەن، ھەتتا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىي، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا چېقىلىپ ۋە خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت سادىر قىلغانلارنى پاكىتنى ئاساس قىلىپ، سوراققا تارتىپ چىقىرىپ خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا ساق « قاغا »، ئوغرى « قاغا »نىڭ كۆزىنى چوقۇۋېلىش بەلكى ئويۇۋېلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئابرۇيىنى ئورۇندىغىلى، خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى يېرىدىن چىققىلى بولىدۇ.

**( ئاپتور يوپۇرغا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن )**

مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى



# يېڭى « نىكاھ قانۇنى » نىڭ يېڭىلىقى نەدە؟

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى « نىكاھ قانۇنى » نىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىسى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 21 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى.

يېڭى « نىكاھ قانۇنى » ئەسلىدىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا، 37 ماددىدىن 51 ماددىغا كېڭەيدى. جۈرئەتسىز بارلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇشىنى مەنئىي قىلىش، ئائىلىدە زورلۇقلىق قىلىشنى مەنئىي قىلىش، كۈچكە ئىگە ئەمەس نىكاھ ۋە بىكار قىلىنغان نىكاھ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى يوقلاش ھوقۇقى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ قايتا نىكاھلىنىشىغا ئارىلاشماسلىقى، ئاجرىشىش سەۋەبلىكىگە تۆلەم بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلار كۆپەيتىلدى. ئەر ـ ئايالنىڭ مال ـ مۈلۈك مۇناسىۋىتى، ئاجرىشىش شەرتلىرى قاتارلىق ماددىلىرىغىمۇ مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. يېڭى « نىكاھ قانۇنى » دا كۆپەيتىلگەن يېڭى مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

## 1 . « توقال » ئالغانلار قاتتىق جازالىنىدۇ

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتتە بىر قەدەر كۆپچىلىك غۇلغۇلا قوزغاپ كېلىۋاتقان « توقال » مەسىلىسى بۇ نۆۋەتكى قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق چەكلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىكاھ قانۇنىدا قوش نىكاھلىق بولۇشنى چەكلەش، جۈرئەتسىز بارلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇشنى چەكلەش تولۇقلىرىدا بەلگىلىمىلەر كۆپەيتىلدى.

يېڭى « نىكاھ قانۇنى » دا قوش نىكاھلىق بولغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ؛ ج خ ئورگىنى بۇنداق قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈشى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن بويىچە شىكايەت قىلىشى لازىم.

يېڭى « نىكاھ قانۇنى » نىڭ ئاجرىشىش دېگەن بابىدا، قوش نىكاھلىنىش ياكى جۈرئەتسىز بار تۇرۇپ باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇش سەۋەبلىك، ئەر ياكى ئايال ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمىسە، ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى.

يېڭى « نىكاھ قانۇنى » دا يەنە قوش نىكاھلىنىش، جۈرئەتسىز بار تۇرۇپ باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇش سەۋەبلىك ئاجرىش كېلىپ چىققان بولسا، سەۋەبلىك يوق تەرەپنىڭ زىيان تۆلىمى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

## 2 . كۈچكە ئىگە ئەمەس ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان نىكاھ تۈزۈمى كۆپەيتىلدى

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولغان نىكاھنىڭ كۈچكە ئىگە بولمايدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى:

(1) قوش نىكاھلىق بولغان؛ (2) نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىنغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان؛ (3) نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى تېببىي پەندە نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ دەپ قارالغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان، نىكاھلانغاندىن كېيىن ساقايمىغان؛ (4) قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىغا يەتمىگەن.

قانۇندا مۇنداق بەلگىلەندى: كۆچكە ئىگە ئەمەس ياكى بىكار قىلىنغان نىكاھ باشتىلا كۈچكە ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەر ـ خوتۇنلۇق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولمايدۇ. بىللە ئۆي تۇتقان مەزگىلدە ئېرىشكەن مال ـ مۈلكىنى ئۇلار كېلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى سەۋەنلىك يوق تەرەپكە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. قوش نىكاھلىنىش تۈپەيلىدىن نىكاھ كۈچكە ئىگە ئەمەس قىلىنغاندىن كېيىن مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىشتا، قانۇنلۇق نىكاھلانغۇچىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا يول قويۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۇ قانۇندىكى ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەرگە دائىر بەلگىلىمىلەر تەتبىقلىنىدۇ.

### 3 . سەۋەنلىك تۆلىمى پرىنسىپى

يېڭى « نىكاھ قانۇنى » دا ئاجرىشىشنىڭ سەۋەنلىك تۆلىمى پرىنسىپى بەلگىلەندى. بۇنىڭدىن كېيىن قوش نىكاھلىنىش، جۆرىسى بار تۇرۇپ باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇش، ئائىلىدە زورلۇقلۇق قىلىش، ئائىلە ئەزالىرىنى خورلاش، تاشلىۋېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجرىشىش كېلىپ چىقسا، سەۋەنلىك يوق تەرەپتە زىيان تۆلىمى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

قانۇندا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەندى: ئەر ـ خوتۇن نىكاھ مۇناسىۋىتى بار مەزگىلدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئۆزلىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم تەۋە دەپ يازما پۈتۈشكەن، بىر تەرەپ بالىنى بېقىپ تەربىيىلەش، ياشانغانلارنى كۈتۈش، يەنە بىر تەرەپنىڭ خىزمىتىگە ھەمكارلىشىش قاتارلىقلاردا مەجبۇرىيىتىنى كۆپرەك ئادا قىلغان بولسا، ئاجرىشقاندا يەنە بىر تەرەپتىن ھەق تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق، يەنە بىر تەرەپ ھەق بېرىشى كېرەك. ئاجرىشقاندا، بىر تەرەپ ئەر ـ خوتۇنغا ئورتاق مال ـ مۈلۈكنى يوشۇرغان، يۆتكىۋەتكەن، سېتىۋەتكەن، بۇزۇۋەتكەن بولسا ياكى قەرز ئويدۇرۇپ چىقىپ يەنە بىر تەرەپنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىش غەرىزىدە بولغان بولسا، ئەر ـ خوتۇنغا ئورتاق مال ـ مۈلۈكنى بۆلگەندە، ئەر ـ خوتۇنغا ئورتاق مال ـ مۈلۈكنى يوشۇرغان، يۆتكىۋەتكەن، سېتىۋەتكەن، بۇزۇۋەتكەن ياكى قەرز ئويدۇرغان تەرەپكە ئاز بۆلۈپ بېرىلسە ياكى بۆلۈپ بېرىلمىسە بولىدۇ. ئاجرىشقاندىن كېيىن يەنە بىر تەرەپ يۇقىرىقى قىلمىشنى سەزگەن بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلىپ، ئەر ـ خوتۇنغا ئورتاق مال ـ مۈلۈكنى قايتا بۆلۈشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

### 4 . ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى بار مەزگىلدىكى تاپاۋىتى ئەر ـ خوتۇنغا ئورتاق بولىدۇ

ئەر ـ خوتۇننىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتى بار مەزگىلدە ئېرىشكەن مائاش، مۇكاپات پۇلى، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت تاپاۋىتى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تاپاۋىتى، ۋارىسلىق ياكى ھەدىيە ئارقىلىق ئېرىشكەن مال ـ مۈلكى قاتارلىقلار ئەر ـ خوتۇننىڭ ئورتاق مال ـ مۈلكى بولىدۇ.

بىر تەرەپنىڭ نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مال ـ مۈلكى، بىر تەرەپ جىسمانىي زەخىمگە ئۇچراپ ئېرىشكەن داۋالىنىش پۇلى، مېيىپلار تۇرمۇش ياردەم پۇلى قاتارلىقلار، ۋەسىيەت ياكى ھەدىيە توختامىدا ئەر ـ خوتۇنغا تەۋە دەپ بېكىتىلمىگەن مال ـ مۈلۈك، بىر تەرەپكە خاس تۇرمۇش بۇيۇملىرى، بىر تەرەپكە تەۋە باشقا مال ـ مۈلۈك قاتارلىقلار ئەرنىڭ ياكى خوتۇننىڭ بولىدۇ.

ئاجراشقاندا ئەر - خوتۇننىڭ ئورتاق مال - مۈلكىنى كېلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى؛ كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى كونكرېت مال - مۈلۈك ئەھۋالىغا قاراپ، بالىنىڭ ۋە ئايالنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى؛ ئەر ياكى خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى يەر ھۆددىگەرلىك تىجارىتىدە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق - مەنپەئەتى قاتارلىقلار قانۇن بويىچە قوغدىلىشى كېرەكلىكى بەلگىلەندى.

يېڭى «نىكاھ قانۇنى» دا يەنە ئەر - خوتۇننىڭ مال - مۈلۈك ئۈستىدە پۈتۈشۈشى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئەر - خوتۇن نىكاھ مۇناسىۋىتى بار مەزگىلدىكى مال - مۈلكى شۇنىڭدەك نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مال - مۈلكىگە ئايرىم - ئايرىم ئىگىدارلىق قىلىدىغانلىقى، ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدىغانلىقى ياكى بىر قىسمىغا ئورتاق ئىگىدارلىق قىلىدىغانلىقىنى پۈتۈشسە بولىدۇ. پۈتۈم يازما بولۇشى كېرەك ئەر - خوتۇن نىكاھ مۇناسىۋىتى بار مەزگىلدىكى مال - مۈلكى، شۇنىڭدەك نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرىكى مال - مۈلكى ھەققىدىكى پۈتۈم ئىككى تەرەپ ئۈچۈن چەكلەش كۈچىگە ئىگە.

ئەر - خوتۇن ئاجراشقاندا، ئورتاق تۇرمۇش ئۈچۈن ئىلگىرى ئالغان قەرزنى ئورتاق تۆلىشى كېرەك. ئورتاق مال - مۈلۈك قەرزنى تۆلەشكە يەتمىسە ياكى مال - مۈلۈك ئۆزلىرىگە ئايرىم - ئايرىم تەۋە بولسا، ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تۆلەيدۇ؛ كېلىشەلمىسە خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئەر - خوتۇن ئاجراشقاندا، بىر تەرەپ تۇرمۇشتا قىيىنلىشىپ قالسا، يەنە بىر تەرەپ تۇرالغۇسى قاتارلىق شەخسىي مال - مۈلكىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىشى كېرەك. كونكرېت چارىسىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ؛ كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## 5. ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىش چەكلىنىدۇ

يېڭى «نىكاھ قانۇنى» نىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدا ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىش مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەندى. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىنى خورلىشى، تاشلىۋېتىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىنسا ياكى ئائىلە ئەزاسى خورلانسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىلتىجا قىلىشقا ھوقۇقلۇق. شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى شۇنىڭدەك خىزمەت ئورنى نەسىھەت، مۇرەسسە قىلىشى كېرەك ج خ ئورگىنى توسۇشى لازىم. ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىنغاندا ياكى ئائىلە ئەزاسى خورلانغاندا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىلتىجا قىلسا، ج خ ئورگىنى ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاشقا دائىر قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن مەمۇرىي جازا بېرىشى كېرەك. يېڭى «نىكاھ قانۇنى» دا يەنە مۇنداق بەلگىلەندى: ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىپ ياكى ئائىلە ئەزاسىنى خورلاپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلسا بولىدۇ؛ ج خ ئورگىنى قانۇن بويىچە تەھقىقلىشى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ئەيىبلىشى كېرەك. ئائىلىدە زوراۋانلىق قىلىنىپ ئاجرىشىشقا سەۋەب بولسا، سەۋەنلىك يوق تەرەپ زىياننى تۆلەشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

مەھەممەت ھەسەن تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم






باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى پروگراممىا بولۇپلا قالماستىن بەلكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيىدۇر . ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل سىڭدۈرگەندىلا ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرغىلى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تېخىمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرگىلى، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خاراكتېرىنى تېخىمۇ ياخشى نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان كۆرەش نىشانىدۇر . سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى خەلق خوجايىن بولۇش دېمەكتۇر . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلقنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى خادىملار خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىپادە مەھكەم تۇتمىسا ، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ .

**« ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » نىڭ ئاساسى ـ ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش بولۇپ ، ئۇ كومپارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى شۇنداقلا ئۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇلىدۇر .**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك سايلىمى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن . خەلق ئۆز ۋەكىلىنى سايلاپ چىقىپ، ئالدى بىلەن ئۇلاردا خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلققە ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزۈپ ، خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەشنى ھاۋالە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەسىلىلەرنى ئويلىغىنىمىزدا باشتىن ئاخىر خەلق مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسى قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ماقۇل بولۇش ـ بولماسلىقى ، رازى بولۇش ـ بولماسلىقى، خۇشال بولۇش ـ بولماسلىقىنى

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ،
خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق
ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇ-
رۇشىمىز ۋە قوغدىشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە،
يەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئاممىۋى لۇشيەندە
چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن
پارتكومنىڭ ئالاقىدار تەدبىر ـ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق
قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسى
ۋە تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، خەلق ئاممىسى
كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسى-
لىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ مۇھاكىمە
تېمىسىغا كىرگۈزۈشى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى
كۈچلۈك بولغان. قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش
يېتەرلىك بولماسلىق، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى زىيادە
ئېغىر بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرگە نازارەتچىلىك
قىلغاندىن سىرت، يەنە سوئال سوراش، سۈرۈشتۈرمە
قويۇش قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ،
نازارەتچىلىك سالمىقىنى زورايتىشى، خەلق قۇرۇلتىيى
ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش پائالىي-
يەتلىرىگە پائال، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، كېيىنكى ئىش-
لىرىنى ئاشكارىلاشنى ئۈمۈمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، دېھ-
قان ـ چارۋىچىلارنىڭ يوكىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىشى،
بۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنى پارتىيە بىلەن
خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈككە ۋە « ئۇچكە
ۋەكىللىك قىلىش » نىڭ ئەمەلىي سورۇنىغا ئايلاندۇرۇ-
شى لازىم.

**« ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » نى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا مەسئۇ-**
**لىيەتنى پائال ئادا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-**
**نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.**

ئاساسىي قانۇن ۋە « يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى » ناھىيىدىن يۇقى-
رى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ
دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ئې-
نىق بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بىر تۈر نازارەت-
چىلىك بولۇپ، ئۇ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارنىڭ يولغا
قويۇلۇشى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات
پىلانى، مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجراسىغا كاپالەتلىك
قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى نازارەتچىلىكنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە خ ق دائىمىي كو-
مىتېتى « تەرەققىيات چىڭ قائىدە » دېگەن كۆز قاراشتا
چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەر-
كەزنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا نازارەتچىلىك فۇنكسىيە-
سىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈر-
گۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە
ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات
جەريانىدىكى يۈزلىنىش خاراكتېرلىك ئومۇمىيلىقتا ئىگە
چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى چىڭ تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي قۇرۇل-
مىنى تەڭشەش، يېزا ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسىنى
تەڭشەش، شەھەر ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى قېلىپلاش-
تۇرۇش، كارخانا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، دېھقان ـ
چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، كىرىمىنى
ئاشۇرۇش جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش
ئۈچۈن چوڭقۇر تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى،
ھەر جەھەتلەردىكى پىكىر، تەكلىپلەرنى كەڭ دائىرىدە
ئاڭلاپ، پارتكومنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئاساس
بىلەن تەمىنلىشى، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئې-
چىشتىن ئىبارەت تارىخىي پۇرسەتنى ۋە قانۇنچىلىق
تەشۋىقاتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، ئاشكارا، ئادىل،
توغرا بولغان قانۇنچىلىق مۇھىتىنى بەرپا قىلىپ،
ئىقتىسادنىڭ زور ھەجىمدە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن
ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىشى لازىم.

**ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى-**
**دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ساداسىدۇر.**

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ « ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش » توغرىسىدىكى ئىخچام بايانلىرى ، پارتىيەمىزنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە باشتىن ئاخىر ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ يېڭى راۋاجى، شۇنداقلا دەۋرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ساداسىدۇر. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قايتا - قايتا ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەپ، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەش، ئالىيجاناپ روھ بىلەن كىشىلەرنى تەربىيىلەش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. پارتىيەنىڭ 15 - قۇرۇلتىيى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىلغار پارتىيە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغىلى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئىلغار مەدەنىيەت ساغلام بولۇشى، ئىلمىي بولۇشى، ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان، كەلگۈسى تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتالايدىغان بولۇشى، كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، پاسسىپلاشتۇرۇپ، نادان، قالاقلىقتا قالدۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان مەدەنىيەت بولماسلىقى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. نادانلىقنى تۈگىتىپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز ھەمدە بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. نۆۋەتتىكى كەسكىن ۋەزىيەتتە، ئەگەر بىزنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىز، مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز ۋە بۇرچ تۇيغۇمىز كەمچىل بولىدىكەن، پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى نوقتىسىنى ئىگىلىيەلمەيمىز ھەتتا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان 20 نەچچە يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىشنىڭ ئاچقۇچى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتۇر. ئۇ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەشىنى تېزلىتىدىغان مەدەنىيەت قىلىش دېمەكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم؛ ئىككىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى زور كۈچ بىلەن ياڭرىتىشىمىز لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم؛ تۆتىنچىدىن، دۇنيادىكى ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم؛ بەشىنچىدىن، مەدەنىيەتنىڭ چوڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ياخشى شەكىللەردىن پايدى-

لىنىپ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتلامىمۇ قاتلام، كۆپ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشىمىز لازىم.

**« ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىشىمىز لازىم.**

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتەك يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى يەنىمۇ ئېغىرلاشتى. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز دېسەك، چوقۇم « ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، قوشۇن قۇرۇلۇشىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن « ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى ۋەزىيەت، ۋەزىپە ۋە شەخسلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، شۇ ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىمىزنى باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن « ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش » ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇمىز ۋە بۇرچ تۇيغۇمىز بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، توپ مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلقنىڭ ئۈممىدىنى يەردە قويماسلىق، بۇرچىنى ئۇنتۇماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيىنى قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى چىرىكلىكنى رەت قىلىپ، ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، ئورگاننىڭ پارتىيە، ئىدىيە، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئورگان كادىرلىرىغا دائىملىق سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتەك ياخشى كەيپىياتنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

**( ئاپتور كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى )**

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت

## پۇل ئىئانە قىلىش

باستېر مۇخلىسلىرىنى پۇل ئىئانە قىلىشقا دەۋەت قىلدى. قاۋاقخانا خوجايىنى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— مەن 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلاي، — دېدى.

— بىز پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولساقمۇ، — دېدى باستېر، — لېكىن سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئالالمايمىز.

— ئالايلى، باستېر، — دېدى مۇخلىسلىرى يۇقىرى ئاۋازدا، — بۇ پۇللار بەربىر ئەسلىدە بىزنىڭ ئىدى.

**تاھىر ماموت تەرجىمىسى**

# « ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيىسى » گە تەۋسىيە

جاڭ رېنكى، جېڭ شۇ چېڭ

يېقىندا مەلۇم رايوندىكى بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى مۇشۇ رايوننىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىغا دائىمىي كومىتېتنىڭ مەلۇم شىركەتتىن قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىشى توغرىسىدا «تەۋسىيە» سۇنغان، ئەسلىدە بۇ ۋەكىل مەلۇم شىركەتنىڭ دىرېكتورى بولۇپ، كەسپىي مۇناسىۋەت داۋامىدا باشقا ئورۇن بىلەن ئىقتىسادىي ماجىرا يۈز بەرگەنلىكتىن، قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قېلىپ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا قەرزنى سۈيلەپ ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ۋەكىللەر قانۇندا ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا تەۋسىيە، تەنقىت ۋە پىكىر بېرىشكە ھوقۇقلۇق. بۇ تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورگان، تەشكىلاتلار مۇزاكىرە قىلىپ بېجىرىشى ھەمدە جاۋاب بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىت ۋە پىكىر بېرىشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بىر ئاساسىي ھوقۇقى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدىگەن ھالدا پىكىر تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلىرىنىڭ سۈپىتى خېلى يۇقىرى بولدى. بېجىرىش ئۈنۈمىمۇ بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولدى، بۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ توپ مەنپەئىتىنى قوغداش، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىنى يولغا قويۇشقا ھەمكارلىشىشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ئەمما ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان بەزى تەۋسىيىلەرنىڭ سۈپىتى يەنىلا تۆۋەن بولۇپ، قانۇنىي ئاساسى كەمچىل، ھەتتا قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇنداق پىكىرلەر بېجىرىلسە قانۇن، نىزامغا زىت بولۇپ قالىدۇ؛ بەزى تەۋسىيىلەر ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ قىسمەن مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان بولۇپ، ئومۇمىيلىق قارىشى كەمچىل، بەزى تەۋسىيىلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىشتىن ئۆتمىگەن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ھەتتا ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ كېلىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ مۇشۇ خىلدىكى تەۋسىيىسىگە قارىتا مۇنداق بىر قانچە ئىشنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن.

1. « ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلەرنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولۇشى كېرەك. ۋەكىللەر مەلۇم مەسىلىنى تەۋسىيە قىلغاندا، ئاۋۋال قانۇندا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە بارمۇ ـ يوق؟ قانداق بەلگىلەنگەن، قانۇن بويىچە قانداق بېجىرىش كېرەك دېگەنلەرگە قارىشى كېرەك. ئەگەر ئۆزىگە ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا چېتىلىدىغان جىنايى ئىشلار، ھەق ـ تەلەپ دېلولىرى بولسا، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئەرز قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قانۇن بويىچە ئالاقىدار ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بىۋاستە ئەرز قىلىشى لازىم. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى ۋەكىل ئازراق قانۇن ساۋادىغا ئىگە بولغان بولسا، شەخسلەرنىڭ كەسپىي ئالاقە جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي ماجىرالىرىنى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە كېسىم قىلىپ بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. شۇڭا، ۋەكىللەر ئالدى بىلەن قانۇننى ئۆگىنىپ، قانۇننى ئىشلىتىشى، ئۆزىنىڭ قانۇن ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى، ئوتتۇرىغا قويغان تەۋسىيىلىرى قانۇن، نىزامغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.

2. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيەسىدە ئومۇملۇق قارىشى بولۇشى كېرەك. ۋەكىللەر تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويغاندا شەخسىي مەنپەئەتنى كوللېكتىپ مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، تەۋسىيەنى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا قويۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا تەۋسىيەنىڭ بېجىرىلىشىدە ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلىگىلى، زور كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. ئۆز تارمىقى، ئۆز دائىرىسى ھەتتا شەخسىي مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلغان تەۋسىيە ۋەكىللىك خاراكتېرىنى يوقىتىپلا قالماستىن، بېجىرىلگەن تەقدىردىمۇ كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ياكى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

3. ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيەسى ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشى كېرەك. ۋەكىللەر تەۋسىيەنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، كەڭ دائىرىدە زىيارەت قىلىپ سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئاممىدىن پىكىر ئېلىشى، ئۇنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تولۇق مەركەزلەشتۈرۈش، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىدا قويۇشى لازىم. تەۋسىيەنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى تەۋەلىكىدىكى ئاممىغا ئاشكارىلاش، ئاممىغا باھالىتىش كېرەك. ئەگەر ئامما بېجىرىلىش ئەھۋالىدىن نارازى بولسا، ۋەكىللەر بېجىرگۈچى ئورۇندىن قايتىدىن بېجىرىشىنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي، ئاممىدىن پىكىر ئالماي، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پەرىزىگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەۋسىيە ئاممىۋى ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

( **« جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** - يىلى **12** - سانىدىن **ئەركىن ياسىن** تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر : نۇرگۈل كېرەم



## نىكاھ ھەققىدە پاراڭ

1. كۆپ سانىدىكى ئەرلەرنىڭ نىكاھقا بەرگەن تەبىرى: ھەقسىز كىر يۇيۇشنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بىر خىل ئىنتايىن قىممەتلىك ئۇسۇل ۋە جەريان.

2. ئايالىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئەستە تۇتۇۋېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل: بىر قېتىم ئۇنتۇپ سىناپ بېقىش.

3. نىكاھ دوستلار بىلەن ئاشخانىدا بىر قېتىم غىزالىنىشقا ئىنتايىن ئوخشايدۇ. سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان قورۇمىلارنى بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن، دوستلىرىڭىز بۇيرۇتقان قورۇمىلارغا قاراپ بېقىپ، كۆڭلىڭىزدە: «مەنمۇ ئاشۇ قورۇمىلارنى بۇيرۇتسام بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ قالىسىز.

4. زىياپەتتە بىر ئايال يەنە بىر ئايالغا مۇنداق دېدى:

—سىز نېمىشقا توپلۇق ئۈزۈكنى بارمىقىڭىزغا خاتا تاقىۋالدىڭىز؟

—ھەي، راستلا خاتا تاقىۋالدىم، چۈنكى مەن ئەرگە خاتا تېگىپ قالغان - دە.

5. ئەر كىشى توي قىلماستا نۇقسانسىز بولسا، توي قىلسىمۇ، بولىدى، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

6. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ قالغاندىن كېيىن، خوتۇنى:

—ئۆز ۋاقتىدا سەن بىلەن توي قىلغان ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ئەخمەقكەنمەن، —دېدى.

ئېرى:

—ئۆز ۋاقتىدا قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بولغاچقا، مەنمۇ بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى.

7. بىر يىگىت گېزىتكە « مەن ئۆيلەنمەكچى » دەپ كىچىككىنە ئېلان بەردى.

ئىككىنچى كۈنى، ئۇ يىگىت يۈز پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش ئىدى، يەنى: « مەن سىز ئىزدىگەن ھېلىقى شۇ، مېنى ئالامسىز؟» .

8. تۇنجى توي تەسەۋۋۇرنىڭ ئەقىل ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بولسا، ئىككىنچى توي ئارزۇنىڭ تەجرىبە ئۈستىدىن غالىب كېلىشى بولىدۇ.

9. بىر ئەر خوتۇنۇڭ بىلەن ئېچىپ تارتىپ قالغان بولسا، ئۆچ ئالىدىغان ئەڭ ياخشى چارە — ئۇ ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش.

**تاھىر مامۇت** تەرجىمىسى

# بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتى توغرىسىدا

ئارزۇگۈل ئابدۇللا

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بالىلارنى ئالداپ سېتىش، تۇتقۇن قىلىش، ئالداپ ئېلىپ قېچىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر ئەۋج ئېلىپ بالىلارغا، ئائىلىلەرگە جۈملىدىن پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئېغىر ۋەھىمە سالماقتا. بالىلار دۆلەتنىڭ كېلەچىكى، كەلگۈسى ئىشلىرىمىزنىڭ ئىز باسارلىرى. شۇڭا، بالىلارغا خاتىرجەم، ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىپ ئۇلارنى ساغلام، ياراملىق تەربىيىلەش ھەربىر ئاتا-ئانىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ قەرزى، باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن دۆلەت قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش ۋە ئەتراپلىق تەربىيىلەشكە ئىنچىكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ھەمدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنىنى تۈزۈپ يولغا قويۇش ئارقىلىق بالىلارنى ئالداپ سېتىش، تۇتقۇن قىلىش، ئېلىپ قېچىش جىنايەتلىرىگە نۇقتىلىق زەربە بەردى. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 184-ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە قىسمەن تۈزىتىش، تولۇقلاش ئاساسىدا جىنايى ئىشلار قانۇنىغا يېڭى ماددىلار قوشۇلدى.

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 262-ماددىسىدا: «14 ياشقا توشمىغان بالىلارنى ئالداپ ئائىلىسىدىن ياكى ۋەسىيسىدىن ئايرىۋەتكەنلەرگە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتى دېگەندە ئالداش، قىزىقتۇرۇش ئۇسۇلى ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن 14 ياشقا توشمىغان ئوغۇل-قىزلارنى ئائىلىسىدىن ياكى ۋەسىيلىرىدىن ئايرىۋېتىش قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جىنايەت تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى — ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ. يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىق يېشىغا توشقان، جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ھەرقانداق ئادەم بولىدۇ.

2. بۇ جىنايەت سۇبيېكت جەھەتتە، پەقەت قەستەنلىكتىنلا شەكىللىنىدۇ. يەنى قىلمىش سادىر قىلغۇچى مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، 14 ياشقا توشمىغان بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىپ، ئائىلىسىدىن ياكى ۋەسىيلىرىدىن ئايرىۋېتىش قىلمىشىنى قەستەن سادىر قىلغان بولۇشى كېرەك. بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى ئوخشاش بولمايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئۆزى بالا قىلىپ بېقىۋېلىشنى ياكى ئىشقا سېلىشنى، قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆچ ئېلىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. لېكىن قىلمىش سادىر قىلغۇچى سېتىشنى مەقسەت قىلىپ بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قاچقان بولسا، بۇ 240-ماددىدىكى بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر پۇل-مال قاقتى-سوقتى قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بوۋاق بالىلارنى ئوغرىلىغان بولسا، تۇتقۇن قىلىش جىنايىتى بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىلىدۇ.

3 . بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى—مۇرەككەپ، يەنى، باشقىلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە ئۈسمۈر باللارنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئەتى بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆسۈپ ـ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا ئاتا ـ ئانىسىغا ياكى باشقا ۋەسىيلىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، باللارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش قىلمىشى بىر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بەختىنى ۋە پۈتۈنلۈكىنى بۇزسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالداپ ئېلىپ كېتىلگەن باللىنى ئائىلىسىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن هەم ۋەسىيلىرىنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنىڭ هاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى، جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقى هەم جىسمانىي ئەركىنلىكى قاتارلىق هوقۇقلىرىمۇ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرايدۇ.

4 . بۇ جىنايەت ئوبيېكت جەھەتتە، قىلمىش سادىر قىلغۇچى 14 ياشقا توشمىغان باللارنى ئالداپ ئائىلىسىدىن ياكى ۋەسىيلىرىدىن ئايرىۋېتىش قىلمىشلىرىدا بولغان بولۇشى كېرەك. يەنى قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئالداش، ئېزىقتۇرۇش، قىزىقتۇرۇش ۋاستىلىرى ۋە باشقا ۋاستىلەر ئارقىلىق جىنايەت سادىر قىلغان بولۇشى كېرەك. بۇنى كونكرېت ئېيتقاندا، مەسىلەن: پۇل، يېمەكلىك، ئويۇنچۇق قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ باللارنى قىزىقتۇرۇش ياكى ئوينىتىشنى باهانە قىلىش ئارقىلىق باللاردا ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش، باللارنى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ياكى ۋەسىيلىرىنىڭ باللىرىغا قارىشىپ بېرىشىنى باهانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىۋېلىپ، پۇرسەت تېپىپ باللىنى ئېلىپ قېچىش؛ بالا باققۇچى بولۇۋاتقان مەزگىللەردە پۇرسەت تېپىپ باللىنى ئېلىپ قېچىش؛ ئۆيلەرگە كىرىپ بوۋاقلارنى ئوغرىلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. باللارنى ئالداش، قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىش قىلمىشىمۇ مۇشۇ جىنايەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر قىلمىش سادىر قىلغۇچى پۇل تۆلەش ئۇسۇلى بىلەن باشقىلارنىڭ قولىدىن بالا سېتىۋالغان بولسا، باللارنى سېتىۋېلىش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

14 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش، ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىش دېگىنىمىز، ئادەتتە ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرى بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان جايدىن ئايرىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

باللارنى ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىرىدىن ئايرىۋېتىش دېگىنىمىز، هەق ـ تەلەپ ئىشلىرىدا هەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان ۋە هەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك بولغانلارنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ. ۋەسىي بولغۇچى تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى هازىرلىشى كېرەك:

1) ۋەسىي بولغۇچى چوقۇم ۋەسىيلىك ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش كېرەك. 2) ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ مال ـ مۈلۈك هوقۇقى ۋە باشقا هوقۇقىنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك. 3) ۋەسىيلىك قىلىنغۇچى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيانلىق ئاقىۋەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ئەگەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياكى ئۇلارنىڭ ۋەسىيلىك ئىقتىدارى بولمىسا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بوۋىسى، مومىسى، ئاكىسى، ئاچىسى ئۇلارغا ۋەسىي بولسا بولىدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەر بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوستلىرى ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىسا، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئاهالە كومىتېتى، كەنت ئاهالە كومىتېتلىرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ۋەسىيسى بولسىمۇ بولىدۇ.

5 . بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش نىشانى 14 ياشقا توشمىغان باللارلا بولىدۇ. يەنى پەقەت 14 ياشقا توشمىغانلار قۇرامىغا يەتمىگەنلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ جىنايەتنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەندە تۆۋەندىكى بىرنەچچە مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1 . باللارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتى بىلەن باللارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. هەر ئىككىلا جىنايەتنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش نىشانى 14 ياشقا توشمىغان باللار بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى جىنايەت يەنىلا تۆۋەندىكى

تەرەپلەردە پەرقلىنىدۇ: 1) بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتىدە قىلمىش سادىر قىلغۇچى سۇبيېكتىپ جەھەتتە بالا قىلىپ بېقىۋېلىش، قۇل قىلىپ ئىشلىتىش، ئىشقا سېلىش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن جىنايەت سادىر قىلىدۇ. لېكىن بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىدە بولسا، قىلمىش سادىر قىلغۇچى سوبيېكتىپ جەھەتتە بالىلارنى ئېلىپ سېتىش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىش مەقسىتى بىلەن جىنايەت سادىر قىلىدۇ. قىلمىش سادىر قىلغۇچىدا بالىلارنى سېتىۋېتىش مەقسىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقى جىنايەت بولۇپ شەكىللىنىشتىكى زۆرۈر شەرت بولۇپ، بۇ بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىنى باشقا جىنايەتلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان زۆرۈر شەرت ۋە مۇھىم ئاساس. 2) بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى باشقىلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە بالىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى بولىدۇ. بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى بولسا بالىلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرى بولىدۇ. 3) بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتىنى قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە پەقەت ئالداش، قىزىقتۇرۇش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىقلا سادىر قىلىدۇ. لېكىن بالىلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتىنى بولسا قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئالداش، تۇتۇپ كېتىش، سېتىۋېلىش، سېتىش، تاپشۇرۇۋېلىش، ئەۋەتىپ بېرىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق قىلمىش شەكىللىرى ئارقىلىق سادىر قىلىدۇ.

2. بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتى بىلەن 239 ـ ماددىدىكى تۇتۇپ كېتىش جىنايىتىنى ئۆز ـ ئارا پەرقلەندۈرۈش كېرەك: 1) ئالدى بىلەن بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان ئىجتىمائىي زىيانكەشلىك دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىككى جىنايەتكە بېرىلىدىغان جازانىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىمۇ كۆرۈنەرلىك ھالدا پەرقلىنىدۇ. يەنى بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنلەرگە 262 ـ ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بەش يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ. تۇتۇپ كېتىش جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەنلەرگە بولسا 10 يىلدىن يۇقىرى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە جەرىمانە قويۇلىدۇ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. تۇتۇپ كېتىلگۈچى بوۋاق ياكى گۆدەك بالىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ياكى تۇتۇپ كېتىلگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، قوشۇمچە، مال ـ مۈلۈكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. 2) بۇ ئىككى جىنايەتتە قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىش سادىر قىلىشتىكى مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. گەرچە بۇ جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسىلا سۇبيېكتىپ جەھەتتە قەستەنلىكتىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتىدە قىلمىش سادىر قىلغۇچى كۆپىنچە ئامۇاللاردا ئۆزى بالا قىلىپ بېقىۋېلىشنى ياكى ئىشقا سېلىشنى، قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بەزىدە ئۆچ ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. پۇل ـ مالنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش مەقسىتىدە باشقىلارنى ياكى بوۋاق، گۆدەك بالىلارنى تۇتۇپ كېتىدۇ، تۇتقۇن قىلىدۇ. بۇ مۇشۇ جىنايەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ پۇل ـ مالنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشى تۇتۇپ كېتىش جىنايىتى شەكىللىنىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى شۇنداقلا بۇ جىنايەتنى باشقا جىنايەتلەردىن پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئاساس. 3) بۇ ئىككى جىنايەتتە قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىش سادىر قىلىشتا قوللانغان ۋاسىتىلىرى ئوخشىمايدۇ. يەنى، بالىلارنى ئېلىپ قېچىش جىنايىتىدە قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئالداش ئېزىقتۇرۇش، قىزىقتۇرۇش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق 14 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنى ئالداپ ئائىلىسىدىن ياكى ۋەسىيلىرىدىن ئايرىۋېتىش قىلمىشلىرىدا بولغان بولسا، تۇتۇپ كېتىش جىنايىتىدە قىلمىش سادىر قىلغۇچى ئوبيېكتىپ جەھەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئۇرۇش، باغلاش، تەھدىت سېلىش، قاماش، تونۇۋېلىش قاتارلىق ئوچۇق ـ ئاشكارا زورلۇق ۋاسىتىلىرىنى ئىشلىتىپ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن باشقىلارنى تۇتۇپ كېتىدۇ. لېكىن بوۋاق ياكى گۆدەك بالىلارغا پۇل ـ مالنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش مەقسىتى بىلەن زورلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرىنى قوللانمىغان بولسىمۇ، تۇ-

تۇپ كېتىش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. 4) بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش نىشانى ئوخشىمايدۇ. يەنە، بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىش جىنايىتىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش نىشانى پەقەت 14 ياشتىن تۆۋەن گۆدەك بالىلارلا بولىدۇ. لېكىن، تۇتۇپ كېتىش جىنايىتىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش نىشانى ئىككى قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، 14 ياشتىن يۇقىرى چوڭ ياشتىكى ئەر - ئاياللارمۇ، 14 ياشتىن تۆۋەن گۆدەك بالىلارمۇ ۋە بوۋاقلارمۇ بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلىش نىشانى بولىدۇ.

**( ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ساقچى مەكتىپىدىن )**

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# يىگىتلەر بىلەن قىزلارنىڭ پەرقى

**جالڭ گودۇڭ**

يىگىتلەر قايغۇسىنى مەس بولغاندا ئىپادىلىسە، قىزلار قايغۇسىنى چۈشىدە ئىپادىلەيدۇ.

يىگىتلەر ئازابلانسا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ، قىزلار ئازابلانسا كۆز يېشى قىلىدۇ.

يىگىتلەرنىڭ كۆز يېشى كەمسىتىشكە ئۇچرىسا، قىزلارنىڭ كۆز يېشى ھېسداشلىقنى قوزغايدۇ.

يىگىتلەر مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا « ياششىم كېرەك » دېگەننى ئويلايدۇ، قىزلار مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا « ئەمدى قانداق قىلاي » دېگەننى ئويلايدۇ.

يىگىتلەر ۋەھىمىگە يولۇققاندا كۆزىنى يوغان ئاچىدۇ، قىزلار جىددىيلىشىپ كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ.

كىچىك ئىشلار بىلەن كارى بولماسلىق يىگىتلەرنى سالاپەتلىك كۆرسەتسە، قىزلارنى تەربىيە كۆرمىگەندەك قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ.

يىگىتلەر كەسكىن بولغاندا ئېغىرلىق قىلىدۇ، قىزلار كەسكىن بولغاندا يېنىكلىك قىلىدۇ.

كەمسۆز يىگىتلەرنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، گېپى ئاز قىزلار كىشىگە ئارىلاشمايدۇ.

يىگىتلەر ئىقتىسادچىل بولسا پىخسىق كۆرۈنىدۇ، قىزلار ئىقتىسادچىل بولسا ئائىلە روناق تاپىدۇ.

قىزلار ئۆز نازاكىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كېيىدۇ. يىگىتلەر مەزمۇت تۇرۇش ئۈچۈن پاكار پاشنىلىق ئاياغ كېيىدۇ.

قىزلار دائىم ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلايدۇ، يىگىتلەر ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشلارغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

قىزلار قارشى تەرەپنى سىناش ئۈچۈن كۆرۈشۈشكە قەستەن كېچىكىپ بارىدۇ.

يىگىتلەر قارشى تەرەپكە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۆرۈشۈشكە مەقسەتلىك ھالدا ئاۋۋال بارىدۇ.

قىزلار قورقۇپ كەتكەندە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ.

يىگىتلەر قورقۇپ كەتكەندە ئاجىز كۆرۈنىدۇ.

قىزلار ئوخشاش جىنىستىكىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئېسىل كىيىملەرنى سېتىۋالىدۇ.

يىگىتلەر غەيرىي جىنىستىكىلەرگە بايلىقىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئېسىل كىيىملەرنى سېتىۋالىدۇ.

قىزلار سۆيگىنىنى « سىز بەك ئەسكى » دەيدۇ.

يىگىتلەر سۆيگىنىنى « سىز بەك ياخشى » دەيدۇ.

**(« شەھەر ئىستېمالى سەھەر گېزىتى » نىڭ 2001 - يىل 22 - ماي سانىدىن تاھىر مامۇت تەرجىمىسى )**

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىدىكى سەۋەب ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئايگۈل ئىبراھىم

ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى دۇنيا بويىچە گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ قالماستىن، دۆلىتىمىز جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ بىر جىددىي ۋە ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە. بۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ سۈپىتى، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇق ـ مەنپەئىتى شۇنىڭدەك ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ خاراكتېرى، ۋاسىتىسى كۆنسايىن ئالاھىدە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

### ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، سوتسىيالىستىك ئەخلاقىمىزغا زىت بولغان نەرسىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنىمۇ ساقلانغىلى بولمىدى. جەمئىيەتتە مەزمۇنى ساغلام بولمىغان نەشر بۇيۇملىرى، كىنو، تېلېۋىزىيە، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ فىلىملىرى ئارقىلىق چىرىك ئەدەب ـ ئەخلاق، شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، زوراۋانلىق، «پۇل ھەممىگە قادىر» دېيدىغان دەۋر ـ مىزگە يات ئىدىيە ۋە ناچار كەيپىيات، بۇزۇق ھەرىكەتلەرنىڭ مۇبالىغە بىلەن تەشۋىق قىلىنىشى ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ يۇمران دىلىنى زەھەرلەپ يامان يولغا باشلاپ كىردى.

زەھەرنىڭ جەمئىيىتىمىزدە كۆپىيىپ كېتىشىمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى كېرەكتىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ جىنايەت يولىغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا. ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىقمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەردە جىنايەت پىسخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبىگە ئايلانماقتا. ئەگەر ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل بولمىسا، ئىش كۈتۈپ تۇرغانلار ئىچىدە پاسسىپ پىسخىك ھالەت تۇغۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئاسان ئۇچرايدۇ.

### ئىدىيۋى تەربىيىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى

پارتىيە ۋە دۆلەت ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان سىياسىي ئىدىيۋى خىزمەتكە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەپ، بەشنى سۆيۈش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، كوممۇنىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يەنىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۇستازلارنى قەدىرلەيدىغان ياخشى كەيپىيات ئەۋج ئالغانىدى. لېكىن، ئائىلە تەربىيە مەزمۇنىنىڭ پاك، تەربىيىنىڭ ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى ياش ـ ئۆسمۈرلەردە ھەر خىل ناچار ئادەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن: بەزى ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشتە ئۇرۇش، تىللاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز مېلىگە قويۇۋېتىپ، ھەددىدىن زىيادە ئەركە-

لىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئەمەلىي پائالىيەتلەرگىمۇ قاتناشتۇرمايدۇ. ھەتتا ئائىلە ئىشلىرىنىمۇ قىلدۇرماي ئاسراش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

مەكتەپ تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىشىگە ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىشىگە نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىراق، ھەر خىل ئامىللار تۈپەيلىدىن، مەكتەپتە تولۇق ياكى ياخشى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان ياكى ئۆزى ياخشى ئوقۇماستىن چېكىنىپ چىقىۋالغان ۋە مەكتەپتىن چېكىندۈرۈلگەن ياش - ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتتە يامان تەسىرگە ئاسان ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا جىنايەت پىسخىكىسى ئاسان تۇغۇلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ جىنايى ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ.

مەكتەپلەردە سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە، كوممۇنىستىك ئەخلاق، قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئاجىزلىشىپ ئادەم تەربىيىلەشكە سەل قارالغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق ساپاسى تۆۋەنلەپ، يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىنى تىزگىنلەش، يامان ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ. بەزى مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلار تاسادىپى بىرەر ئىشنى قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا يېنىكلىك بىلەن قوغلاندى قىلىش، جىسمانىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش، غورۇرىغا ئازار بېرىش قاتارلىق پاسسىپ ئۇسۇللار بىلەن روھىي ئازاپ پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلىنىش، ئالغا بېسىش مۇھىتىدىن ۋە پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلاردا جىنايەت پىسخىكىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

### جىنايەتكە زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن، نىزاملىرىدا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت دېلولىرىنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن. بۇ ھەرگىزمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جىنايى جاۋابكارلىقتا تارتىشقا بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس ياكى ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە يول قويغانلىق ئەمەس. جىنايەت سادىر قىلغانلارنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش بىر خىل تەدبىر، ئۇلارنى تەربىيىلەشتىكى بىر زورلۇق ئۇسۇلى. ئەمەلىيەتتە بەزى ياش - ئۆسمۈرلەر جىنايەت ئۆتكۈزسىمۇ جىنايى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلمىگەن، مەمۇرىي جەرىمانە قويۇپلا بولدى قىلىنغان، جىنايەت سايمانلىرى، زاڭ پۇل، زاڭ ماللارنى تارتىۋېلىپلا قويۇۋېتىلگەن ئەھۋاللار بار، بۇ ئۇلارنى ئاسرىغانلىق ئەمەس بەلكى ئۇلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ئىتتىرگەنلىك، ئۇلارغا مەسئۇل بولمىغانلىق. ياش - ئۆسمۈرلەردىن جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، جازا بەرگەندە كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىش، بىرنى جازالاپ مىڭگە ئىبرەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، باشقىلارنىڭ جىنايەت يولىغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇ ئارقىلىق ھەم جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش ھەم بارلىق ياش - ئۆسمۈرلەرگە جانلىق تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك. دېمەك، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىسمانىي ۋە پىسخىك تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان ھەر خىل زىددىيەتلەر، تاشقى مۇھىتتىكى زىيانلىق ئامىللارنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا خەتەرلىك تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جىنايى مۇددىئاسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىدۇر. شۇڭا، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ پىسخىك تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پىسخىك قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر قىلىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى ئېچىپ تاشلاپ، شۇ ئارقىلىق بۇ پاسسىپ ئامىللارنى تۈزىتىش، يېڭىشنىڭ ۋاستە ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىزدەپ تېپىشىمىز زۆرۈر. بۇ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئالدىنى ئېلىش ۋە جىنايەتچىلەرگە بولغان تەربىيە، قۇتقۇزۇش ھەمدە ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەشكە پايدىلىق.

ياش ـ ئۆسمۈرلۈك دەۋر ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك ئامىللىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، بىلىم ئىقتىدارى تۆۋەن، تونۇشى ئاددىي، تەجرىبىسى كەم، بىلىش جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە، خام ـ خىيالغا باي، تەۋەككۇلچىلىك ئىدىيىسى كۈچلۈك، ھېسسىياتى تۇراقسىز، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، ئاسان غىدىقلىنىدىغان مەزگىل. بۇ مەزگىلدە ئۇلار خىلمۇخىل زىددىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان كىشىلەرنىڭ ئازدۇرۇشى، يامان تەسىرلەرنىڭ غىدىقلىشى بىلەن يۇقۇملىنىپ، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلىشتەك لەززەتلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئاچچىقىنى ئىرادە، ئۆكتەملىكنى قەھرىمانلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك ـ باشباشتاقلىقنى ئەركىنلىك دەپ قاراپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى كۆپ بولىدۇ.

دەرۋەقە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ دەسلەپكى شارائىتىدا، قانۇنچىلىق تېخى مۇكەممەل بولمىغان، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا تەرەققىي قىلىۋاتقان كۆپ نوپۇسلۇق، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونىمىزدا جىنايەت سادىر بولۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئۆرلەپ كېتىشىمۇ نورمال ئەھۋال ئەمەس. ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى يامراپ كېتىۋەرسە رايونىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىدىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن سۆز ئېچىش ۋە بۇ تەرەققىياتلارنى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس.

ياش ـ ئۆسمۈرلەر دۆلەتنىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەشۋىق ـ تەربىيە ئۇلارنىڭ ھايات مۇساپىسىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر جۈملە سۆز، بىر ياخشى ھېكايە، بىر ياخشى كىتاب، بىر ياخشى مۇئامىلە ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى تۈپ مەسىلە يەنىلا پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلىشىغا قارىتا تەتقىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بىلىم بېرىشكە قارىتا ئوينايدىغان ئاكتىپ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان يېڭى كىشىلەرنى ئىمكانقەدەر كۆپرەك تەربىيىلەپ، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى توسۇپ ۋە ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن جىنايەت سادىر بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

## مۆجىزە

بىر پىشقەدەم ئەسكەر ئۇرۇش مەيدانىدا كۆرگەن بىر قېتىملىق ئاجايىپ ئىشلار توغرىسىدا لاپ ئۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى:

—بىر قېتىم، سېپستىرالار مېنى كۆتۈرۈپ ئوق ـ دورا ماشىنىسى ئۈستىدە ياتقۇزۇپ قويدى.....

—توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى بىرەيلەن گېپىنىڭ بۆلىگە تېپىپ، — ئۇ ئوق ـ دورا ماشىنىسى ئەمەس، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بولۇشى كېرەكتە.

—ياق! — دېدى پىشقەدەم ئەسكەر كەسكىن ھالدا، —بەدىنىمدىكى ئوق ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ھەربىي دوختۇرلار مېنى ئوق ـ دورا ماشىنىسىغا قويۇش كېرەك، — دېيىشتى.

# دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ بىر شەرتى ئەدلىيە ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇش

نۇسرەت كېۋىر



پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى بۇ توپ تەدبىرنى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى بىر تەرەققىياتقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دۆلەتنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ قانۇن شەكلىگە ئايلانغان ئىرادىسى ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يەنى قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن چىقىرىشى، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، دۆلەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ئەدلىيە ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى.

1. قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە تاشقى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويدى. يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەر، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپ بولۇپ، بازار رىقابىتى كەسكىنلەشمەكتە. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى، ئوي - پىكرى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. نورغۇنلىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر قانۇن ئارقىلىق ئادىل بىر تەرەپ قىلىنىشقا مۇھتاج بولماقتا.

2. ئەدلىيە ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇش دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ بىر شەرتى شۇنداقلا قانۇن نوپۇزىنى ساقلاشنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. قىسقىغىنە 20 يىل ئىچىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 400 گە يېقىن ھەر خىل قانۇنلارنى، گوۋۇيۈەن 800دىن ئارتۇق مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى. ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تۈزگەن نىزام، ئاپتونومىيە نىزاملىرى، يەككە نىزاملار 10 مىڭغا يېتىدۇ. يۇقىرىقى قانۇنلار، ئاپتونومىيە نىزاملىرى، مەمۇرىي نىزاملار خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، جۇڭگوچە قانۇن تۈزۈلمىسىنىڭ رامكىسىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى.

3. ياخشى بولغان قانۇن ئىجرا قىلىش مۇھىتى ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قانۇن نوپۇزىنى قوغداشتا كەم بولسا بولمايدىغان شەرت. ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قانۇن نوپۇزىنى قوغداشنى يالغۇز ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنى پۈتۈن جەم-

ئىيەت چۈشىنىشى، قوللىشى كېرەك. قانۇن نوپۇزىنى قوغداپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەممە ئادەم قانۇن ئۆگىنىدىغان، قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار دائىرىسىدە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە دېلو بىر تەرەپ قىلىشىنى قوللىشى، ھوقۇقى ئارقىلىق قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى لازىم.

4. قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ بىرىنچى سەپىدىكى خادىملارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇن نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغداش، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىدارلىق، كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش تولىمۇ زۆرۈر. ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى خادىملارنىڭ قابىلىيىتى، كەسپىي ئەخلاق سەۋىيىسى ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ سۈپىتىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدلىيە خادىملىرىغا نىسبەتەن سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش شەرتى ئاستىدا، رىقابەت بىلەن ئىش ئورنىغا چىقىشتەك ھەر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرلەردىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

5. قانۇن نوپۇزىنى قوغداپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئەدلىيە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. نازارەتچىلىك مېخانىزمى ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ توپ كاپالىتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئەدلىيە نازارەتچىلىك خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. نازارەت يوللىرىنى كېڭەيتىپ، نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ئەدلىيە تارماقلىرىدىكى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، زور ئۈنۈم ھاسىل قىلدى ۋە ياخشى تەجرىبىلەرنى ياراتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بۇندىن كېيىنمۇ ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن ھوقۇقنى ياخشى يۈرگۈزۈپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇش مېخانىزمى بىلەن تاشقى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خاتا بېجىرىلگەن دېلولارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت ۋە تەپتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئادىل يۈرگۈزۈشىنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت



34

# ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ ئېھتىياجى

توختىروزى مەتنۇرى

ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى مەيلى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قانۇن كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش جىددىي بولۇۋاتقان جايدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، يېڭى ئەسىردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنىڭ ئېھتىياجى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا «ئىشلىرىمىزنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش، كونا ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى نەتىجە يارىتىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئەلۋەتتە، پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا قارشى تۇرىدىغان، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق، ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە باغلىق. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يۇقىرى ساپالىق ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسى تېخىمۇ جاپالىق. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن قول سېلىش كېرەك:

1. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى نۆۋەتتە سوت خىزمىتىدە يېڭى ئەسىردىكى تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغۇچىلار. شۇڭا ئۇلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، دېلولارنى ئادىل بېجىرىپ، سوت خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ئويلاشقا، يېڭى دېلولارنى ئىشلەشكە، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلالايدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدىغان، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىيەلەيدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

2. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، ۋەتەننىڭ بىر-

لىكى ۋە مىللەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى كۆزنەك بولۇپ، ئۇلار ئاممىغا پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تىكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

3. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى ئۆزىنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم. پەن ـ تېخنىكا ۋە زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرىگە ئىگە ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭدەك مىللىي ئاپتونومىيەلىك جايلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بار ئاز سانلىق مىللەت سوت قىلغۇچى خادىملار يوق دېيەرلىك. ئاز سانلىق مىللەت سوت خادىملىرى ئىچىدە يۇقىرى، يېڭى پەن ـ تېخنىكىنى بىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرى ناھايىتى ئاز. جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسەن يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساپاسىنى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

4. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇشى لازىم. ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى قوشۇنىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئادەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ئۇلاردىن بىرمۇبىر رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى پىلانلىق، نىشانلىق، باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى.

ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرى مىللىي رايونلارنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، تەرەققىيات، مۇقىملىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات خىزمىتىدىكى مۇھىم مەسىلە قاتارىغا قويۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسپتە پىششىق، سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، پارتىيە ۋە دۆلەتكە سادىق ئەسىر ھالقىيدىغان ئاز سانلىق مىللەت سوت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

---

ئىزاھات:

« دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى » مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىر: نەمەت دۇگايلى



# خەلق ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلسا

—توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسى، مەرھۇم شادى تۇردى توغرىسىدا

ئەزىز توختى ئەيندىن ئېلى



خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ، خەلقنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ، بۇ يولدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، كېچە-كۈندۈز، ئۈن-تىنسىز ئىشلەپ تۆھپە قوشۇپ، خەلققە بەخت يارىتىپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى، ئوبرازىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئۆزىگە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە شان-شەرەپلەرنى كەلتۈرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەنلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك. توقسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۆگەن يېزىلىق پارتكومنىڭ ئەزاسى، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئۆلگىلىك شەخس مەرھۇم شادى تۇردى ئەنە شۇنداقلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى.

2001-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنى يولداش شادى تۇردى ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزى مەسئۇل بولغان قارقۇم كەنتىنىڭ كېۋەز تېرىش-ئېتىز تەييارلىقى ئەھۋالىنى ئېتىزمۇ ئېتىز تەكشۈرۈپ، بىر قىسىم كېۋەز ئېتىزلىرىنىڭ يۇمشاق بولۇش، پاكىزە بولۇش، نەم بولۇش، تەكشى بولۇش، ئۇۋاق بولۇش ئۆلچىمىگە يەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، ئۇلارغا كېۋەز تېرىلغۇ سۈپىتى ۋە سۈرئىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى دەرھال تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆزى ئېتىز ئارىلاپ دېھقانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئېتىيازلىق تېرىلغۇ جەريانىدا دېھقانلار ئاممىسىدىن كۈتىدىغان تەلىپىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى، تەلىپىنى ئاڭلاپ، دېھقانلار بىلەن ئەمگەكتە بىللە بولىدۇ. ئۇ تېرىگەن سېلىنىۋاتقان پېشقەدەم دېھقان قاسىم ياقۇپنىڭ قولىدىن كەتمەننى ئېلىپ كۈچەپ ئىشلەۋاتقان نەق مەيداندا تۇساتتىن يوشۇرۇن يۈرەك كېسەلى قوزغىلىپ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 12 دە ئېتىزغا يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىدۇ... دەرھال دوختۇرخانىغا يۆتكەپ داۋالىغان بولسىمۇ قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، شۇ كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 21 دە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇ، بۇ يىل 58 ياشتا ئىدى.

4-ئاينىڭ 1-كۈنى ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ئۆگەن يېزىسىغا بېرىپ ئۆگەن يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر قايسى ئىدارە، ئورۇن، مەكتەپ، كەنتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ھەمدە ناھىيىگە قاراشلىق بارلىق ئىدارە، ئورۇن، مەكتەپ، سىرتتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان 400 گە يېقىن ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى مەرھۇم شادى تۇردىغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى.

ۋىلايەتلىك خ ق خىزمەت كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ناھىيىنىڭ مەسئۇللىرى ئۆگەن يېزى-

سىغا بېرىپ، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى.

يولداش شادى تۇردى 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 39 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا ئىزچىل تۈردە ئاساسىي قاتلامدا ئۈن ـ تىنسىز ئىشلىگەن. ئۇ 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغاندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئومۇمىيلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، خ ق خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق ۋە ئىجادچانلىق بىلەن ئىشلەپ، پۈتۈن يېزىنىڭ قانۇنچىلىق، سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى قاتارلىق خىزمەتلەردە ئەلا نەتىجە يارىتىپ، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىزچىل تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى.

شادى تۇردى مۇنداق دېدۇ: « خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنى خەلق سايلايدۇ، خەلق ھىمايە قىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى خەلق ھەقىقىي ئىشەنگەن، خەلق ئارزۇ قىلغان ۋەكىل. ئۇلار سايلىغۇچىلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ جەمئىيەت ئەھۋالى، خەلق رايىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم. »

ئۇ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك، نەتىجىلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ يېزىدىكى 8 كەنتنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەش ئارقىلىق، بۇ يېزىدىكى 19 پارتىيە ياچېيكىسى، 7 ۋەكىللەر پائالىيەت گۇرۇپپىسى، 39 ئورۇندىكى كومپارتىيە ئەزالىرى ئارقىلىق پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن يېزا خىزمىتىگە تۈرتكە بولدى. يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى خىزمىتى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا ماڭدى.

ئۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر دەپ قاراپ « شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى » ژۇرنىلىغا ھەر يىلى 38 سان مۇشتەرى قوبۇل قىلىپ ئۇنى تارقىتىش، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ۋەكىللەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ ۋە ياخشى تۇتتى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلىدى. ئۇ، ۋەكىللەرنى ئامما بىلەن ئىزچىل ئالاقىلىشىشقا، قىزىق نۇقتا ۋە ئامما جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. ھەيئەت رىياسىتى ئەزالىرىنى باشلاپ ۋەكىللەرنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان 27 پارچە تەكلىپتىن يېزا ئۆز ئالدىغا ھەل قىلالايدىغان 9 پارچە تەكلىپنى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ بېرىپ، قالغان 18 پارچىنى خ ق ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىدا قاراپ چىققاندىن كېيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۆھلەت ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇندى. ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن كىشى بېشىغا 29.67 يۈەن كېمەيتتى.

يولداش شادى تۇردى خ ق ۋەكىللىرىنى ئاپەت يۈز بەرگەن كەنتلەرگە، نامرات، ئاجىز، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم بېرىشكە ئىزچىل سەپەرۋەر قىلدى. ئۆزى باشلامچى بولۇپ بۇلتۇر 19 ۋەكىل 870 يۈەن نەق پۇل، 34 ۋەكىل نامرات ئائىلىگە 1824 كىلوگرام ئاشلىق، 1460 يۈەن نەق پۇل ۋە 69 يۈرۈش كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەقسىز ياردەم قىلغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز مەبلىغى ئېلىشىغا ياردەم بەردى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامرات ئا-

ئىلىملەرنىڭ 184 مو يېرىنى ھەقسىز تېرىپ بەردى.

ئۇگەن يېزىسى ناھىيىنىڭ پاختىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ ئەلالىقى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان يېزا بولۇپ، ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 42 كىشى ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇشتا ئاممىغا ھەمقىقىي ئۈلگە بولدى.

يولداش شادى تۇردى 1991 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغا قەدەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ، ناھىيە، يېزا تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تەقدىرلەندى. بىر ئۈمۈر جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكسەك شان ـ شەرىپىگە ئېرىشكەن بۇ كىشى گەرچە ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالىجاناپ روھى مەڭگۈ بىز بىلەن بىللە!

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت

## يۇمۇرلۇق جۈملىلەر

### ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانى

مەلۇم بىر فرانسۇز تىلى سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئېلانىدا مۇنداق دېيىلگەندى: « سىز بىر سائەت دەرس ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ يەننى ياقتۇرمىسىڭىز، ئوقۇش خىراجىتىنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ، لېكىن چوقۇم فرانسۇز تىلىدا سۆزلىشىڭىز كېرەك.»

### يېڭى كىتابلار ئېلانى

چەت ئەللىك مەلۇم بىر يازغۇچى يېڭىدىن نەشر قىلدۇرغان كىتابىغا مۇنداق ئېلان چىقاردى: « بۇ كىتابتا ئون ھېكايە بار، مەن نەچچە كېچىنى سەرپ قىلىپ ئاران يېزىپ چىقتىم، كىتابخانلارغا بىر يۈەنگە تەقدىم قىلىمەن، يەنى بىر ھېكايىنىڭ قىممىتى ئاران ئون تىيىن.»

تاھىر مامۇت تەييارلىغان

# ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە دادىل يۈرگۈزمەكتە

ئاۋات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى دادىل يۈرگۈزۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ياخشى نەتىجە يارىتىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

**1 . دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قانۇن ئۆگىنىشى كۈچەيتىلدى**

تۈرلۈك قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە ئاۋۋال دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ماددىمۇ ماددا ئۆگىنىش، خاتىرە قالدۇرۇش، تەسىرات سۆزلەش ئارقىلىق چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. نازارەتچىلىك تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، شۇڭا، ئۇلار پىلان، قەدەم ـ باسقۇچلىرىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقىپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەندە ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىدىكى خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن فۇنكسىيىلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى باھالاشنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىپ، كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تېپىپ چىقىپ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرىدى.

ئالدىنقى مەزگىلدە خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ « سۇ قانۇنى » ، « يەر باشقۇرۇش قانۇنى »نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەندە، بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پائال تەدبىر قوللىنىپ ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ئىنكاسى ياخشى بولدى. قانۇن نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش جەريانى خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ۋەكىللەرنىڭمۇ قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش جەريانى بولدى.

**2 . ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى**

بۇرۇن خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەر سانلىق يىغىنىدا بىر ـ ئىككى قانۇننىڭ ئىجراسى تەكشۈرۈلۈپ ۋە بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى باھالىنىپ، مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى. خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ مەسئۇللىرى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرەتتى. كېيىنكى سانلىق يىغىندا يەنە باشقا قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى مۇزاكىرە قىلىنىپ ئالدىنقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر سۈرۈشتە قىلىنمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىدە دائىمىي كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى سۈرۈشتۈرمەيدىغۇ دېگەن قاراش شەكىللىنىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئوبرازىغا تەسىر يېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلگەنىدى. ئەمدى « ئاز قىلساقمۇ ساز قىلىش »تا چىڭ تۇرۇپ، ھەر سانلىق يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، تۈزىتىشكە بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە بىر ئاي مۆھلەت

ئىچىدە تەكشۈرۈش، دائىمىي كومىتېتقا قەغەز يۈزىدە دوكلات يوللاش، كېلەر سانلىق يىغىندىن بۇرۇن دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش، يىغىندا دوكلات بېرىپ خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: يېمەك-ئىچمەك تازىلىق قانۇنىنى تەكشۈرگەندە، خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ ئۇدا 3 قېتىم ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ دائىمىي كومىتېت سانلىق يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تۈزىتىشكە بۇيرىغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ، تۈزەتمىگەنلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ تەنقىد بېرىلدى.

**3. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش قاتتىقلاشتۇرۇلدى**

خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى ئىش قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم 10 كۈن بۇرۇن ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان كادىرلارنى خ ق دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. مۇدىرلار يىغىنى تەكشۈرۈش زۆرۈر دەپ قارىغان بىر قىسىم نامزاتلارنى تەكشۈرۈپ، نامزاتنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىپ، سانلىق يىغىندا ئىسمى بىلەن بېلەت تاشلاپ سايلاش ئېلىپ بېرىلدى. سايلاشتىن بۇرۇن نامزاتلار ئىرادە بىلدۈردى. سايلىنىپ ۋەزىپىگە قويۇلغاندىن كېيىن دۆلەت بايرىقى، دۆلەت گىربى، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئالدىدا ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قەسەم بېرىش، بارلىق كومىتېت ئەزالىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قەسەمنى قوبۇل قىلىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىپ، جىددىي، سۈرلۈك كەيپىيات شەكىللىنىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئوبرازى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قانۇنىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

**ئاۋات ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن ئاۋۇت داۋۇت**

## شەيتان لۇغەت

كالا: ئىتتىك ماڭغانسېرى تاياق يېيدىغان، تاياق يېگەنسېرى ئىتتىك ماڭىدىغان دۆت نەرسە.

ئىشەنچ: سەن ئىش باشقۇرساڭ مەن خاتىرجەم بولىمەن.

فىلىيەتون: گېزىتتە ئېلان قىلىنغان بىمەنىلىك.

مېھمانخانا: قەرز بولمىسا دائىم بارىدىغان، قەرز بولۇپ قالسىلا يېقىن يولىمايدىغان جاي.

تەييارتاپ: «مىراسخورلۇق قانۇنى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

ھەممىسى يوللۇق: رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنىڭ ھەممىسىنىڭ داۋلىسى بار.

رەھبەر: يىغىن ئېچىلغاندا: «مەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلاي» دەپ قويۇپ، بىر سائەتكىچە گېپى تۈگىمەيدىغان ئادەم.

**تاھىر مامۇت تەييارلىغان**

# زۇڭلى جۇ ئېنلەي بىر پۇڭ ئۈچۈن دۆلەت ئىشلىرى

# جىددىي يىغىننى چاقىرغان

زۇڭلى جۇ ئېنلەي ئۆمرىنى ناھايىتى ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆيىدىكى ئاشپەزدىن ئايلىق ھېسابىنى ھەر ئايدا سوراپ تۇرىدىكەن. ئاشپەزمۇ ئۇنىڭغا قەرەللىك دوكلات قىلىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى زۇڭلى ئاشپەزدىن يېمەكلىك سېتىۋالغان ھېسابىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، غەلىتە بىر سوئال سوراپتۇ: « دۇنيادا نېمە ئەڭ چولڭ ؟ »

« ئالەم » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاشپەز. زۇڭلى بۇنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: « خاتالاشتىڭىز، ئالەم قانچىلىك نېمىتى؟ توغرىسى: دۇنيادا كۆز ئەڭ چولڭ » دەپتۇ ـ دە، ئارقىدىنلا چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ: « ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، ئادەم كۆزنى بىر يۇمسىلا پۈتكۈل ئالەمدىكى ھېچقانداق نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ؟ دەپ بېقىڭە، كۆز چوڭمىكەن ؟ » سۆزلىگەنېرى زۇڭلىنىڭ كەيپىياتى جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ: « مەن زۇڭلى بولغان ئادەم كۆزۈمنى يۇمۇشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمايمەن. مەن كۆزۈمنى بىر يۇمسام ئۇلا جۇڭگودىكى 1 مىليارد ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرەلمەيمەن ئەمەسمۇ! بۈگۈن سىزنىڭ ھېساباتىڭىزدا بىر پۇڭ پەرق بارلىقىنى بايقىدىم » دەپتۇ. ئاشپەز: « ئۇنداق ئەمەستۇ زۇڭلى، مەن 5 قېتىم ھېسابلاپ چىقتىم. سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز قايسى؟ » دەپتۇ. « ئەگەر مەن خاتالاشمىسام ئىلگىرى بىر جىڭ تۇزنىڭ باھاسى 1 مو 5 پۇڭ ئىدى. بۇ ئايدا 1 مو 6 پۇڭ بولۇپ قاپتۇغۇ؟ بىر پۇڭ پەرق بار » دەپتۇ زۇڭلى يەنە.

ئاشپەز زۇڭلىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىراپ ـ تېنەپ تالوننى ئېلىپ: « خاتا ئەمەس، مەندە تالون بار » دەپ تالوننى كۆرسىتىپتۇ. زۇڭلى تالوننى كۆرگەندىن كېيىن: « ھە، ھەقىقەتەن 1 مو 6 پۇڭ ئىكەنغۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ » دەپ ئويلىنىپ قاپتۇ.

شۇ كۈنى زۇڭلى جۇئېنلەي دەرھال سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، باھا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ئالاقىدار خادىملارنى يىغىپ، « بىر پۇڭ » ئۈستىدە دۆلەت ئىشلىرى جىددىي يىغىنىنى چاقىرغان ھەمدە ھەر بىر جىڭ تۇزغا بىر پۇڭ قوشۇلۇپ قېلىش سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەسلىدە تۇزنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى ھەر بىر جىڭ تۇزغا بىر پۇڭ خوراش ھەققىنى قوشقان ئىكەن. زۇڭلى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ: « ھېلىقى قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنىنىڭ خالىغانچە ئىش قىلىپ خوراش ھەققىنى خېرىدارلارغا ئارتىپ قويۇشى مۇۋاپىق بولمايلا قالماستىن بەلكى قانۇنغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس! ئارتۇق يىغىۋېلىنغان پۇللار بىردەك خېرىدارلارغا قايتۇرۇلسۇن. بىر پۇڭمۇ كەم قالمىسۇن! ئۇندىن باشقا دۇكان دېرىكتورى ئاشكارا ئۆزىنى تەكشۈرسۇن، خېرىدارلاردىن ئەپۇ سورىسۇن! » دەپتۇ. ئاشپەز شۇ چاغدا زۇڭلىنىڭ بىر پۇڭنى ھېسابلاپ كېتىشى ئۆزى ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باھا ئەھۋالىنى ئىگىلىگەنلىكىنى، زۇڭلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دۇنيادا نېمىنىڭ ئەڭ چولڭ ئىكەنلىكىنى سورىغانلىقى، ئەسلىدە ئۇنىڭ خەلق مەنپەئىتىنىڭ ئەڭ چولڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەنگەن.

( « سىرداش » ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 1 ـ سانىدىن **ئەسقەر توختىيۇسۇپ** تەرجىمىسى )

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كىرەم**

# جازالاشنى شەھەر باشلىقىدىن باشلاش

ئېيتىلىشىچە، ئىتالىيىنىڭ سابىق لىگونچىئو شەھىرىنىڭ باشلىقى لوساننا باج ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، ئۆز رايونىدا بىر يېڭى قار تېيىلىش يولى ياساش جەريانىدا زور كۆلەمدىكى بوك دەرىخىنى كېسىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن يەرلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دەپ قارىلىپ، 3 ئاي تۇتۇپ تۇرۇش، 30 مىليون لىرا جەرىمانە تۆلەش، ئۆز خىراجىتى بىلەن 8 مىڭ تۈپ بوك دەرىخىنى تولۇقلاپ تىكىشكە ھەممىدە خىزمىتىدىن توختىتىلىپ خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىشقا ھۆكۈم قىلىنغان.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر شەھەر باشلىقىنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن بوك دەرىخىنى كېسىۋېتىشى ھەقىقەتەن كىچىك ئىش. ئەمما چەتئەلدە بىر شەھەر باشلىقى ھەم شۇ رايوننىڭ ئورمان ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى كېسىشنى قارار قىلسىڭىز، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداشقا، ئالاقىدار قانۇن - نىزامغا خىلاپلىق قىلغان بولىسىز. شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىكى بارلىق ئەمەلدارلار قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، شەھەر باشلىقىنىڭ يەنىلا بىۋاستە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. «جازا» دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، يېشىللىقنى بۇزغۇچى جەرىمانە تۆلەپ شۇ جاينى كۆكەرتكەندىن باشقا يەنە تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ھەمدە خىزمىتىدىن توختىتىلىپ خاتالىقىنى تونۇيدۇ. ئىتالىيىدە تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدىغان قاتتىق قانۇن، قائىدە - نىزاملار بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچىدە ياخشى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بارلىققا كەلگەن. پۇقرالارمۇ ئاڭلىق ھالدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغدايدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرگەن.

( **« دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق »** ژۇرنىلىنىڭ **2001** - يىلى **3** - سانىدىن **ئەسقەر توختىيۇسۇپ** تەرجىمىسى )

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

43

# بېلىق قىلتىرىقى گالغا تۇرۇپ قالغاندا ...

بېلىق قىلتىرىقى گالغا سانجىلىپ تۇرۇپ قالغاندا ئاغزىمىزدىكى تاماقنى تۈكۈرۈۋېتىپ، بىر ئوتلام يىلمان سۇنى ئاغزىمىزغا ئېلىپ، بېشىمىزنى ئارقىغا ئېگىپ، سۇنى كېكىردەك ئاغزىغىچە چۈشۈرۈپ ئېغىزنى چايقىغانغا ئوخشاش ئۇدا غارىلدىتىپ، كېكىردەك ئاغزىدا ئازراق توختاتقاندىن كېيىن ئاغزىمىزنى چوڭ ئېچىپ، پۈركۈپ چىقىرىسىز، بۇنىڭدا بىر قانچە مۇھىم نۇقتىغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك:

1) ئېغىز چايقايدىغان سۇ 20 - 30 گرادۇس ئەتراپىدا بولۇشى لازىم.

2) سۇنى كېكىردەك ئاغزىغىچە چۈشۈرۈش لازىم.

3) سۇنى كۈچەپ غارىلدىتىپ كىچىك كۆپۈكچە چىقىرىش، چوڭ كۆپۈكچە چىقارماسلىق لازىم.

4) سۇنى كېكىردەك ئاغزىدىن قاتتىق كۈچەپ تېز پۈركۈپ چىقىرىش لازىم.

(**« تەرمىلەر ھەپتىلىك گېزىتى »** دىن **راخمانجان رۇسۇل** تەرجىمىسى)



سۈرەت هوقۇقى بىر خىل كىشىلىك هوقۇق. چۈنكى، ئۇنى ماددىي مەنپەئەتكە ئايلاندۇرغىلى بولغاچقا، بەزى سودىگەرلەر پايدا ئېلىش ئۈچۈن نەزەرىنى ئالەمدىن ئۆتكەن داڭلىق شەخسلەرنىڭ سۈرىتىگە تىكتى. جۇ خەيياڭ ئەپەندىنىڭ لۇشۈننىڭ سۈرەت هوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان دەۋاسى كىشىلەرنى بۇ مەسىلىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋە ئويلىنىپ بېقىشقا ئىلهاملاندۇرىدۇ. مۇبادا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇقى قوغدالسا، سۈرەت هوقۇقىنىڭ ماددىي مەنپەئەتىگە ۋە سۈرەت هوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

# سۈرەت هوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولامدۇ؟

خۇشىيلىڭ

**بىرىنچى دېلو مىسالى:**

ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرەت هوقۇقى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇ هوقۇقنى تەشەببۇس قىلالامدۇ؟

**ئالىي خەلق سوت مەهكىمىسى «ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرەت هوقۇقى بولمايدۇ» دەپ تەستىق سالدى**

1996 - يىلى 11 - ئايدا، جېجياڭ ئۆلكىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى «لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 115 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ساپ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ئەتىۋارلىق پوچتا ماركىلىرى توپلىمى» دىن 2000 يۈرۈش ياساپ تارقاتتى. ئۇنىڭ هەر بىرسىنىڭ باهاسى 1115 يۈەن قىلىپ بېكىتىلگەندى. جۇ خەيياڭ جاۋابكارنى لۇشۈننىڭ سۈرەت هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى دەپ قاراپ، مەملىكەت بويىچە تۇنجى «ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ سۈرەت هوقۇقى» دەۋاسىنى قىلدى.

سوتتا قاراپ چىققاندا، دەۋاگەرنىڭ ۋاكالەتچىسى ئادۋوكات جۇمياۋچۈن مۇنداق دەپ قارىدى: لۇشۈننىڭ سۈرەت هوقۇقى كىشىلىك غورۇر هوقۇقى، ئۇ لۇشۈن سۈرىتىنىڭ روهىي ۋە ماددىي مەنپەئەتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. لۇشۈننىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 60 نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، لۇشۈن روهى بىر نەچچە ئەۋلادقا تەسىر كۆرسەتتى، بۇ روھ يەنە داۋاملىشىدۇ. لۇشۈن سۈرىتىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماددىي مەنپەئەتى ئۇنىڭ سۈرىتى يەتكۈزگەن مەنپەئەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولمىسىمۇ، لېكىن بازار ئىگىلىكىدە لۇشۈننىڭ سۈرىتىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئېلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. لۇشۈن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىش ئۇنىڭغا ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقىدىن ئۇنىڭ ۋارىسى بەهرىمەن بولۇشى كېرەك ئىدى. جاۋابكار دەۋاگەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي، پايدا ئېلىش مەقسىتىدە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئەتىۋارلىق پوچتا ماركىلىرى توپلىمى ئىشلەپ تارقىتىپ، دەۋاگەرنىڭ لۇشۈننىڭ سۈرىتىدىن بەهرىمەن بولۇش هوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلدى.

جاۋابكار مۇنداق دېدى:

بىزنىڭ لۇشۈنگە چوڭقۇر مېهرىمىز بار، بۇ توپلامنى ئىشلەپ تارقىتىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز داڭلىق شەخسلەرگە بولغان هۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. بىز ئىشلەپ تارقاتقان ئەتىۋارلىق پوچتا ماركىلىرى توپلىمى سابىق پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن لۇشۈننىڭ سۈرىتى «لۇشۈن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەيمىز» ناملىق پوچتا ماركىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نەشر هوقۇقى سابىق پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكىدە. سۈرەت هوقۇقى پەقەت هايات كىشىلەردىلا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن شۇ كىشىنىڭ ئۆزىلا بەهرىمەن بولالايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا ۋارىسلىق قىلىش خاراكتېرى بولمايدۇ.

44

ئاخىرىدا دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار ئەتىۋارلىق پوچتا ماركىلىرى توپلىمىنى ئىشلەپ تارقىتىش لۇشۇننىڭ خاتىرىلەش ئىمكانلىكى توغرىلىق ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ئۇلار پىكىردە بىرلىككە كېلىپ، قول ئىلىشقاندىن كېيىن سوت زالىدا ئايرىلدى.

بۇ دېلوغا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق — تەلەپ سوت كوللېگىيىسى مۇنداق يازما جاۋاب بەردى: ۋارىسلىق قىلىشنىڭ قانۇنىي مەنىسى پۇقرالار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراس قىلىپ قالدۇرغان مۈلۈككە ۋە بۇ مۈلۈك ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت. سۈرەت ھوقۇقى كىشىلىك غورۇر ھوقۇقىغا تەۋە بولغاچقا، ئۇنى مۈلۈك ھوقۇقى دەۋىلىشقا بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرىتى ھاقارەت كەلتۈرۈش مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ، ئۇلارنىڭ نام — شۆھرىتىگە زىيان يەتكۈزۈلسە، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئەرز قىلسا بولىدۇ. جۇ خەيىيڭنىڭ ئاتىسى لۇشۇننىڭ سۈرەت ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ قانۇنىي ئاساسى يوق.

## ئىككىنچى دېلو مىسالى

## جۇ خەيىيڭ ئىككى مىڭ يۈەن تۆلەمگە ئېرىشتى

ئالدىنقى دېلو يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي بېيجىڭ شەھەرلىك چۈەنشېڭ شىركىتى «لۇشۇن سۈرەتلىرىنىڭ قېلىپى» دىن 1000 يۇرۇش ياساپ ماجىرا پەيدا قىلدى، سۆزلىشىش ئارقىلىق چۈەنشېڭ شىركىتى بىلەن جۇخەيىيڭ تۈۋەندىكىدەك «مۇرەسسە كېلىشىمنامىسى» ھاسىل قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

بىز لۇشۇن ئەپەندىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن 1000 يۇرۇش «لۇشۇن سۈرەتلىرىنىڭ قېلىپى» نى ياساپ، بۇنىڭ 400 يۇرۇشتىن كۆپرەكىنى يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات — سەنئەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» نى خاتىرىلەش مەزگىلىدە ئايرىم — ئايرىم ھالدا لۇشۇن مۇزېيىغا، مەركەز ۋە بېيجىڭ شەھەرىدىكى مەدەنىيەت — سەنئەت ئورۇنلىرىغا، شۇنىڭدەك شەخسلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەنىدۇق. بىز بۇ «قېلىپ» نى لۇشۇن ئەپەندىنى ئەسلەپ تۇرۇش، خاتىرىلەش مەقسىتىدىلا ياسىغانىدۇق. بىزنىڭ ئىنقىلاب پېشۋالىرىنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ سودا قىلغۇمىز، شۇنداقلا پايدا ئېلىش خىيالىمىز يوق. بىز ياسىغان 1000 يۇرۇش «قېلىپ» نىڭ سوۋغا قىلىۋېتىلگەن 400 نەچچە يۇرۇشىدىن باشقا، ئېشىپ قالغان 500 نەچچە يۇرۇشىنى بازاردا ساتمىدۇق. بىز ئۇلارنى لۇشۇن ئەپەندىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەندە ھەقسىز سوۋغا قىلىشنى ئويلاشقانىدۇق. خىزمىتىمىزدىكى سەۋەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن، خاتىرە بويۇمى ياساشتىن ئىلگىرى لۇشۇننىڭ ئوغلى جۇخەيىيڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماپتىمىز. جۇ خەيىيڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭغا قېلىپنىڭ ياسىلىش جەريانى ۋە مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈرۈپ، ناماقۇللۇقىمىزنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغانىدۇق. خىزمىتىمىزدىكى سەۋەنلىكىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، جۇ ئەپەندىگە 2000 يۈەن تۆلەم بېرىپ، «قېلىپ» تىن بىر يۇرۇش سوۋغا قىلىمىز.

## ئۈچىنچى دېلو مىسالى

## ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ سۈرىتى كوچا ئاپتوبۇسىدا ئېلانغا ئىشلىتىلدى

## ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ سۈرىتىنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

1997 — يىلى 4 — ئاينىڭ 1 — كۈنى 84 ياشلىق سۈن جىڭچى كېسەل بولۇپ قېلىپ بېيجىڭ سۆگتاڭ دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالاندى، شۇ يىلى 10 — ئاينىڭ 12 — كۈنى ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى. سۈن جىڭچى داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، سۆگتاڭ دوختۇرخانىسىدىكىلەر ئۇنى بىر پارچە سۈرەتكە تارتىپ قويغانىدى. بۇ سۈرەتتە ئۇنىڭ قونچاق ئېيىقنى تۇتۇپ چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، دوختۇرخانا باشلىقى چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىۋاتقان، ئۈچ قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەنىدى.

1999 — يىلى چاغان ھارپىسىدا سۈن جىڭچىنىڭ چوڭ قىزى 110 — يول ئاپتوبۇسىدا سۆگتاڭ دوختۇرخا-

نىسى تەشۋىق قىلىنغان ئېلاننى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭدا سۇن مومايىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۈرىتىمۇ بار ئىدى. ۋاڭ شيۇجېن ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ سۈرىتىنىڭ ئاپتوبۇسلارنىڭ يۈرۈشىگە ئەگىشىپ كوچىمۇ كوچا يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. ۋاڭ شيۇجېن ئۈچ سىڭلىسى بىلەن بىرلىكتە دوختۇرخانا بىلەن سۆزلەشكەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىغانلىقتىن، بېيجىڭ چۆگۈبېن رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، دوختۇرخانىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزنى توختىتىپ ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سورىشىنى، سۈرەتنى قايتۇرۇپ ئۇنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى، ئىقتىسادي ۋە روھىي زىيىنى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتتا سۇڭتاڭ دوختۇرخانىسى مۇنداق قارىدى: سۇن جىڭچى ئۆلۈپ كەتكەن، سۈرەت هوقۇقى سۇبيېكتى ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن يوقىلىدۇ، شۇڭا ۋاڭ شيۇجېن ۋە ئۇنىڭ سىڭىللىرىنىڭ دەۋا سۇبيېكتىلىق هوقۇقى بولمايدۇ.

چۆگۈبېن رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى مۇنداق قارىدى: سۈرەت هوقۇقى پۇقرالار ئۆز سۈرىتىدە ئىپادىلەنگەن مەنپەئەتنى مەزمۇن قىلغان كونكرېت كىشىلىك غورۇر هوقۇقى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان ئۆزگەرمەس، زۆرۈر هوقۇق، پۇقرانىڭ خاس هەق ـ تەلەپ هوقۇقىدۇر، پۇقرا تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ، پۇقرانىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئۇمۇ يوقىلىدۇ. ئەمما پۇقرالارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئۇلارنىڭ سۈرىتى خالىغانچە ئىشلىتىلسە بولىدۇ، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۆلىتىمىز هەق ـ تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە، ئۆلگۈچىنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىش ۋە قوغداش مەسىلىسى توغرىسىدا هېچقانداق كونكرېت بەلگىلىمە يوق. ئەمما ئۇنىڭ 5 ـ ماددىسىدىكى «پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ قانۇنىي هوقۇق ـ مەنپەئەتى قانۇن بىلەن قوغدىلىدۇ، هېر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ» دېگەن ئاساسىي پرىنسىپ ۋە كىشىلەرنىڭ جىسمانىي هوقۇقىنى قوغداشقا دائىر بەلگىلىمە، شۇنداقلا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار ئەدلىيەلىك ئىزاھاتىدا، ئۆلگۈچىنىڭ سۈرىتى ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى روھىي جەھەتتە، هېسسىيات جەھەتتە ۋە ئىقتىسادي جەھەتتە ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ۋە ئالاھىدە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۆلگۈچىنىڭ سۈرىتىنى ئىشلىتىش هوقۇقىنى قوغداش ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ «سۈرەت هوقۇقى»نىڭ قوغدىلىشى بولماستىن، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتىنىڭ قوغدىلىشىدۇر.

سۇڭتاڭ دوختۇرخانىسى سۇن جىڭچى هاياتۋاقتىدا ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا سۈرەت هوقۇقى ئىگىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېلان تەشۋىقاتىدا ئىشلىتىۋالغان، ئۇلارنىڭ قىلمىشى سۇن جىڭچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قانۇنىي هوقۇق مەنپەئەتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئاممىۋى قاتناش ئېلان شىركىتىمۇ ئېلان تىجارىتى قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇناسىپ قانۇنىي ئاقىۋەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

( «قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 15 ـ نويابىر سانىدىن **نۇرگۈل كېرەم** تەرجىمىسى )

## كاكتۇس بىلەن چىش ئاغرىقىنى داۋالسا ئۈنۈمى تېز بولىدۇ

يېڭى كاكتۇستىن بىر تال تېرىپ، يۈزىدىكى تىكەننى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى يېرىپ ئىككى پارچە قىلىپ، سۈيى بار يۈزىنى ئاغرىغان چىشقا باسسا، بىر ئازدىن كېيىنلا ئاغرىق توختايدۇ.

( «تەرمىلەر ھەپتىلىك گېزىتى» دىن **راخمانجان رۇسۇل** تەرجىمىسى )

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

46

## سۆز ـ تىللىق خەۋەرلەر

### ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى « پارتىيە قەلبىمدە » دېگەن تېمىدا نۇتۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى



باش كاتىپ مەھەممەت رەجەپ 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن دىلبەر مەتتىمىننى قىزغىن ئالقىشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئور-گىنى 18 ـ ئىيۇن « پارتىيە قەلبىمدە » دېگەن تېمىدا نۇتۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. يېڭى پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلاردىن 16 كىشى جانلىق، قىزغىن نۇتۇق سۆزلەپ، پارتىيىمىز-نىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ياد ئەتتى ھەمدە ئەتراپىمىدىكى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ جانلىق ئىشلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، پارتىيە بايرىقىنىڭ تۇرمۇشىمىزدا لەپىل-دەۋاتقانلىقىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇپ، كومپارتىيىگە بولغان يۈكسەك ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.



مۇئاۋىن باش كاتىپ خەن چىڭباڭ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات بويۇمى تارقىتىپ بەردى




ماھىرلار نۇتۇق سۆزلىمەكتە

**نۇرگۈل كېرەم خەۋىرى ، فوتوسى**

### كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىلدى

كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئور-گىنى مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ ئىلگىرىكى يىللاردىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

خ ق دائىمىي كومىتېتى 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىدا ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان « ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بې-رىش » نى تەلەپ قىلغانلىق توغرىسىدىكى تەكلىپنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېجىرىشىگە چۈشۈ-رۈپ بەرگەنىدى. بۇ خىزمەتكە ئالاقىدار تارماقلار ئەس-تايىدىل قاراپ، يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىش ئار-قىلىق ھەممە بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ 3 ۋاقلىق تامىقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدىغان، بىر قىسمىنى مەكتەپ مەمۇ-رىيىتى ھەم ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىلىرى زىممىسىگە ئالىدىغان بولدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىپ، خاتىرجەم ئۆگىنىش شارائى-تى بەرپا قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بالىلارنىڭ تاماق مە-سىلىسىدىن غەم قىلمايدىغان بولدى.

**(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئەمەتجان ھېيت)**

# شايار بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى قانۇن ئۆگىنىش بويىچە كۇرس ئاچتى

2001 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە بازارلىق 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 70 دىن كۆپرەك ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللىرى قاتناشقان ئۆگىنىش كۇرسىدا « ۋەكىللەر قانۇنى » ، « جىنايى ئىشلار قانۇنى » ، « كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى » قاتارلىق قانۇنلاردىن دەرس سۆزلەندى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋالڭ باۋ خۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولى، ئورنى، ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرى ۋە قۇرۇلتاي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەرنىڭ پائالىيىتى قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا دەرس سۆزلەپ ، ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئېڭىنى ئۆستۈردى. يەنە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ، ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى « جىنايى ئىشلار قانۇنى » ، « كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى » دىن ئەتراپلىق دەرس سۆزلەندى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىش، ئۆزلىرى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ تۇرۇش، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**(شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن نۇردۇن سوپۇر)**

**خەۋەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : تاھىر مامۇت**



# كەلپىن ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ناھىيىنىڭ تۈزلەڭلىك قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەندى

ھەر ساھەدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەلپىن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىدىن 23 كىشىنى ناھىيىنىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى.

بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىدە ئۇلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ناھىيىنىڭ قىسىل تېغىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش مەڭگۈلۈك توسمىسى، مازار ئېقىنىدا 10 مىڭ مو ئېھاتە ئورمانزارلىقى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى، سۇ سىڭىپ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ، شەھەر يولىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ، ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ « 3 كە ۋەكىللىك قىلىش » ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدىكى غەيرەت - شىجائىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى ھەمدە قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ، يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىپ، ئالدىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىش جەھەتلەردە نۇرغۇن قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى ۋە ئەقىل كۆرسىتىپ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتى.

**( كەلپىن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىدىن تۇرسۇن قۇربان )**

# باي ناھىيىسىدىكى ياقائېرىق مىستاغ مىس كېنى خارابىسى

يۈسۈپ ئەرشىدىن

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، قەدىمقى كۆسەن (كۇچار) مىسچىلىق مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ھەمدە يىراق - يېقىندا يۇقىرى شۆھرەتكە ئېرىشكەن. بۇ قەدىمقى كۆسەن تەۋەسىدە مول، سۈپەتلىك مىس كانلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ مىس كانلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، كۆلىمى زور، ئۈستىنىڭ توپا قاتلىمى نېپىز، ئاسان بايقىغىلى، ئاچقىلى ۋە پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇنداق ئەۋزەللىك بۇ رايوندىكى قەدىمقى ئاھالىلەرنىڭ مىس كانلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ چاغلاردا تاۋار ئوبوروتىدا مىس پۇل ئاساسلىق ئورۇندا بولۇپ كەڭ ئىشلىتىلگەچكە، مىسقا بولغان ئېھتىياجمۇ يۇقىرى بولغان. بۇ ئېھتىياج كۆپلەپ مىس كانلىرىنىڭ قېزىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مىس كانلىرىدىن چىققان مىسلار ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى، زور ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى ھاسىل قىلالىشى ۋە شۆھرەت تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىغان. باي ناھىيىسىنىڭ ياقا ئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىدىكى «مىستاغ مىس كېنى» ئەنە شۇ سۈپەتلىك مىس كانلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مىستاغ مىس كېنى - جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان مۇزات دەرياسى باش ئېقىنى بىلەن تارىم بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ھازىرقى باي - ئاقسۇ 307 - نومۇرلۇق ئۆلكە تاشيولى بىلەن 314 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كالتە تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، باي ناھىيىسىگە قاراشلىق ياقا ئېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى مەركىزىدىن غەربىي جەنۇب تەرەپكە 14 كىلومېتر، جىگدە بۇلاقتىن ئۇدۇل جەنۇبىي يۆنىلىشكە 8 كىلومېتىر ئەتراپىدا ماڭسا يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ كان شۇ جايدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان كۆيۈك تاغنىڭ شىمالىي يانباغرىغا جايلاشقان. ھازىرقى خارابە ئىزلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جايدىكى مىسلار ئومۇمەن ئىككى خىل شەكىلدە، يەنى تاغ باغرىنى بويلاپ ئۈستى ئوچۇق ھالەتتە ۋە يەر ئاستىغا تىك كان قۇدۇقى قېزىش شەكلى بويىچە قېزىلغان. ھازىر تاغ باغرىنى بويلاپ قېزىلغان كان خارابىسىنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئەتنىڭ ئاپەت سېلىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن كۆمۈلۈپ، پەرق ئەتكۈسىز ھالەتكە كېلىپ قالغان. ئايرىم جايدىكى كۆمۈلمەي بىر قەدەر روشەن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزى ھازىرمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

60 - يىللاردا بۇ كاندا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەينى چاغدا مىستاغ مىس كېنىدىكى يەر ئاستىغا قارىتىپ تىك شەكىلدە كولانغان كان قۇدۇقى ئالتە ئىكەن. ھازىر پەقەت ئىككىلا قۇدۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ئاغزى ئىتتىۋېتىلگەن ياكى كۆمۈلۈپ قالغان.

مىستاغ مىس كېنى خارابىسىدە ھازىر ئەينى چاغدا قېزىش ۋە تاۋلاشقا ئىشلىتىلگەن بىر تۈركۈم ئىزلار ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئىز-

لاردىن رودا قېزىش قۇدۇقلىرى، كان ئىشچىلىرى قوپۇپ-يېتىپ ئىشلىگەن گەمە ئۆي، نان ياقىدىغان، سۇ قاچىلاشقا ئىشلىتىلگەن تاش كۆلچەك قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ. ئۇنىدىن باشقا مىس رودىنى تاۋلاشقا ئىشلىتىلگەن ئوچاق ئالامەتلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. مۇشۇنداق ئوچاقتىن كان خارابىسىدە ھازىرغىچە يەتتىسى ساقلانغان بولۇپ، ئوچاقنىڭ بەزىلىرى خېلى مۇكەممەل. بۇ ئوچاقلار تاش ۋە سېغىز كېسەكلەردىن يۇملاق تونۇر شەكلىدە قوپۇرۇلغان بولۇپ، چوڭ-كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش، ئېگىزلىكى ئۈچ مېتىر، ئايلانمىسى 10 مېتىر ئەتراپىدا ناھايىتى مۇستەھكەم سېلىنغان. ئوچاقلارغا يەنە تاشلارمۇ ئىشلىتىلگەن. ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ بەزىلىرى 70 ـ 80 كىلوگىرام ئېغىرلىقتا كېلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا رودا تاۋلاش ئوچاقلىرى بىلەن كان قۇدۇقى ئوتتۇرىسىدا بىر ئېگىز دۆڭلۈك بار بولۇپ، ئۇ جاي زەرەتكارلىقتۇر. بۇ جايغا كاندا ئولتۇراقلىشىپ، رودا قېزىش ۋە تاۋلاش ئىشلىرىغا قارىشىدىغانلارنىڭ جەسەتلىرى قويۇلغان.

كانچىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە ئەينى چاغدا مىستاغ مىس كېنىدا قېزىشقا قاتناشقانلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ چاغدا كاندا ئىشلەيدىغانلار مەخسۇس ئۈچ گورۇپپىغا بۆلۈنۈپ مەشغۇلات ئېلىپ بارغان. كان ئىشچىلىرىنىڭ بىر گورۇپپىسى مىس رودىسى قازغان. يەنە بىر گورۇپپىسى توشۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۈچىنچى گورۇپپىسى بولسا مەخسۇس رودا تاۋلىغان. بۇ ئۈچ گورۇپپىنىڭ مەشغۇلات دائىرىسى ئېنىق بولۇپ، كان گەرچە يەرلىك ئۇسۇلدا قېزىلغان بولسىمۇ، ئىش تۈزۈمى، مەشغۇلات تەرتىپى ۋە تېخنىكىلىق ئۆلچىمى خېلى مۇكەممەل بولغان. مىس كان قۇدۇقىنىڭ چوڭقۇرلىقى 70 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، مىس رودىسى قازىدىغانلارغا كۈندىلىك ۋەزىپە بەلگىلەپ بېرىلگەن. ئۇلار رودا قېزىشقا كېتىدىغان تۇلۇم، تۆمۈرمىتىن، چىراق قاتارلىق قوراللىرىنى ئېلىپ، قۇدۇق ئاغزىغا مەخسۇس ئورنىتىلغان ئاسما چىغىرىقتا ئورنىتىلغان سېۋەتكە ئولتۇرۇپ قۇدۇق ئاستىغا چۈشكەن. قۇدۇق ئىچى تار ھەم قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇلار يېنىچە يېتىۋېلىپ بىر قولىدا چىراقنى يورۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا مىتىن بىلەن رودا چوقۇپ تۇلۇمغا قاچىلىغان. تۇلۇم توشقان چاغدا ئۇنى سېۋەتكە سېلىپ، بەلگە بېرىش ئارقىلىق يۇقىرىغا تارتقۇزغان. مىس رودىسى قېزىش جەريانىدا، قۇدۇق ئاستىدىكى توپا-تاش قاتلىمىنىڭ تۇيۇقسىز گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشىدىن بېسىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولغان.

كان ئىشچىلىرىنىڭ يەنە بىر گورۇپپىسى كاننىڭ شىمالىغا 8 كىلومېتىر كېلىدىغان «چوغا» دېگەن جايدىكى جىگدە بۇلاقتىن سۇ توشۇغان (كاننىڭ ئۆزىدە سۇ مەنبەسى يوق)، قازغان مىس رودىلىرىنى كۆتەك ھارۋا، ئات-ئېشەك، كالا-خېچىرلارغا ئارتىپ تاۋلاش نۇقتىلىرىغا يەتكۈزگەن. ئارقا سەپ بازىسى بولغان بوز كەنتى ھازىرقى ياقا ئېرىق 7 ـ كەنت بولۇپ، كان قېزىشقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار مۇشۇ كەنتنىڭ ئىككىنچى ئاھالىلار گورۇپپىسى ئورنىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن.

ئۈچىنچى گورۇپپا مەخسۇس رودا كۆيدۈرۈپ مىس تاۋلىغان. كۆپ قىسىم مىسلار كاننىڭ ئۆزىدە تاۋلانغاندىن باشقا، يەنە ئۈچ ئورۇندا مىس تاۋلىغان خارابە ئىزلىرى بىزگە مەلۇم بولدى. بۇ ئۈچ ئورۇن — «جوغا» دىكى جىگدە بۇلاق مىس تاۋلاش خارابىسى، بوز (7 ـ كەنت) كەنتى ئىككىنچى ئاھالىلار گورۇپپىسى ئولتۇرۇشلۇق چوڭ كۆل يېزىسىدىكى مىس تاۋلاش ئورنى، قايغۇلاق كەنتى داشقالدۆڭ مىس تاۋلاش ئورنى قاتارلىقلار. بۇ يەرلەردە مىس رودىسى تاۋلايدىغان ئوچاق، چالا كۆيگەن مىس داشقاللىرى، ھەر خىل رودا تاشلار، ساپال قاچىلارنىڭ

سۇنۇقلىرى، مىس يارماق، مېتال قازان پارچە-
لىرى، چالا كۆيگەن ياغاچ ھەرەم تاش قورال قا-
تارلىق بۇيۇملارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مىس كېنىنىڭ زادى قاچان، كىم تەرە-
پىدىن ۋە قانداق ئېچىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقان-
داق ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئېيتىلى-
شىچە، ئەڭ دەسلەپ 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا،
ھازىرقى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدىن
بولغان ھوشۇر ھاجىم دېگەن ئادەم، كېيىن ئۇ-
نىڭ ئەۋلادلىرى تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 -
يىللىرىغىچە بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ
كان 1920 - يىللاردىن 1958 - يىلغىچە بولغان 30
يىل ئىچىدە توختاپ قېلىپ، كېيىن مەخسۇس
كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قايتا ئەسلىگە
كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن « مەدەنىيەت ئىنقى-
لابى »نىڭ بالايىئاپىتى تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە
تاشلىنىپ قالغان. كاننى ماڭدۇرۇشقا قاتناشقان
سايراملىق كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى باي
ناھىيىسىنىڭ بوز كەنتىدە (7 - كەنت 2 - ئەت-
رەت) ھازىرمۇ ياشاپ كەلمەكتە. مىستاغ مىس
كېنىنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلۇپ يېزىلغان بەزى
ماقالىدە كانچىلار ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمىنى يا-
كى باشقا ئەھۋاللار پاكىت قىلىنىپ« ئاغزاكى مە-
لۇماتتىن قارىغاندا، بۇ كان بۇگۈنگە قەدەر 500
يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن » دەپ يېزىل-
غان. بىراق يېقىندا ئېرىشىلگەن يېڭى پاكىتلار
بۇ كاننىڭ ئېچىلغان يىل دەۋرىنى مىلادىنىڭ
ئالدىدىكى دەۋرلەرگە سۈردى. مۇناسىۋەتلىك
تارىخىي ئۇچۇرلارغا ئاساسەن شۇنى ئېيتىشقا بو-
لىدىكى، مىلادىدىن ئىلگىركى زامانلاردا، باي
ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىزىل، قاراسۇ، قاپسىلاڭ
، مۇزات دەريالىرى ۋە بۇ دەريالارنىڭ يىغىندىسى
بولغان كۇچا دەرياسى بويىدىكى يېشىل بوستان-
لىقلاردا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان قەدىمقى
ئاھالىلەر كانچىلىق ئىشلىرىدا خېلى بۇرۇنلا
بەلگىلىك تېخنىكا تەرەققىيات باسقۇچىنى بې-
سىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ مىس قورال دەۋرىنى يا-
راتقان. ئالىملار باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى مىس
كانلار خارابىلىقىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان
كان ئېچىش ھەم تاۋلاشقا كېرەكلىك بۇيۇملار
ھەمدە رودا قالدۇقلىرى، كان ئاستىدىكى توپا -
تاش قاتلىمىنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنىڭ تەركىبى-
نى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ كانلارنىڭ ئېچىل-
غان تەخمىنى يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. « بېي-
جىڭ پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مېتاللور-
گىيە تارىخىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پرو-
فېسسورى ۋۇكۇنيىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم
بولۇشىچە، يۇقىرىدىكى كان ئىزلىرى ۋە رودا
تاۋلاش ئۇسۇللىرى ئىلقا ناھىيىسىدىكى
2440+750 يىللىق تارىخقا ئىگە تورا ساي مىس
كان خارابىسى بىلەن ئوخشىشىدىكەن. يۇقىرى-
دىكىلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە باي ناھىيىسىدىكى
قەدىمقى مىس كانلار، يەنى قارا باغ يېزىسىدىكى
كاجىكتۇر قەدىمقى مىس كان خارابىسى، بوز
دۆڭدىكى ئارۋالڭ قەدىمقى مىس كان خارابىسى،
ياقا ئېرىق يېزىسىدىكى مىستاغ قەدىمقى مىس
كان خارابىسى ۋە ئونباش يېزىسىدىكى قەدىمقى
مىس كان خارابىسىغا ئوخشىشىدىكەن »

ئىشەنچلىك تارىخىي ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بو-
لۇشىچە، مىستاغ مىس كېنىنىڭ ئىگىدارى
بولغان ياقا ئېرىق دېگەن يۇرت ئۇزاق تارىخقا ئىگە
بىر قەدىمىي جاي بولۇپ، قەدىمقى يوللار غەربىي
شىمالغا بۇرۇلۇپ، مۇز داۋان يولى ئارقىلىق
ھازىرقى ئىلىغا ئۆتىدىكەن. بۇنداق ئەۋزەللىك،
مۇشۇ بوستانلىقلاردا ياشىغان قەدىمقى ئاھالى-
لەرنىڭ كانچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىشى ۋە
روناق تېپىپ ئۆزىگە خاس بولغان بىر مەدەنىيەت
تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوي-
نىغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ جايدا ياشاپ
كەلگەن ئاھالىلەرنىڭ ھاياتى يەنە مىستاغ مىس
كېنىنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

**( ئاپتور باي ناھىيە ياقائېرىق دېھقانچىلىق مەيدانى ئاقگۇمبەز كەنتىدىن )**

# ئىسپانىيە قانۇنىدىن تەرمىلەر

ۋاڭ فاڭ

ئىسپانىيە قانۇنىدا تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەر بار: 18 ياشقا توشقان ئەر پۇقرا توققۇز ئاي ھەربىي خىزمەت ئۆتەيدۇ (كېسەل سەۋەبىدىن دۆلەتلىك دوختۇرخانا رۇخسەت قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا). ھەم دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتىنى ئالمىغان ھەم ھەربىي خىزمەت ئۆتەشنى خالىمىغانلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ رويخەتكە ئالدۇرغاندىن كېيىن، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ساناتورىيە ياكى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا بېرىپ قارا خىزمەت قىلىشى، تۇيۇقسىز ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتى قاتارلىق ۋەقەلەر يۈز بەرسە، ئاپەت رايونىدا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتنىشىشى كېرەك. شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ رويخەتكە ئالدۇرمىغانلار قاچقۇن ئەسكەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، توققۇز ئايلىق قاماققا ئېلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ھەر ھەپتىدە دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە تۈرمىدە ياتىدۇ. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئائىلە شادلىقىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

ئومۇمەن ئون يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، جۆرىسى بىلەن ھەر ئايدا بىر قېتىم بىللە بولىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى 24 سائەت بولىدۇ. ئۇلار تۈرمىدىكى «ئالاھىدە ساراي»دا جۆرىسى بىلەن ئۇچرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

ئومۇمەن 15 يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ تۈرمىدە ئەمگەك قىلىش ياكى ئەمگەك قىلماسلىقىنى تاللاش ئەركىنلىكى بار. جازا مۇددىتىدە ئەمگەك قىلىشنى تاللىغانلار ئىككى كۈن ئەمگەك قىلسا جازانى بىر كۈن كېمەيتىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمگەك قىلماسلىقنى تاللىغانلار تۈرمىدە جازا مۇددىتىنى تولۇق توشقۇزۇشى لازىم.

ئومۇمەن سوت مەھكىمىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنىڭ خېتىنى ئاچقانلارغا، ھەر بىر خەت ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. بىر ياش پوچتىكەش باشقىلارنىڭ 108 پارچە خېتىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن 324 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

تۆۋەندە ئىككى دېلو مىسالىنى ھوزۇرىڭىزلارغا سۇندۇق:

*بىرىنچى دېلو مىسالى:*

ئارتور ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىنىڭ ئاشنىسى بولغاچقا سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىپ

ئۇلارنى ئاجراشتۇرۇۋەتكەن. سوت مەھكىمىسى ئۇلارنىڭ ئاجرىشىشتىن بۇرۇن ئورتاق سېتىۋالغان بىر يۈرۈش ئولتۇراق ئۆي، ئۆي سايمانلىرى ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا ھۆكۈمنامىگە مۇنداق يازغان: «ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ يېرىم يىللىق ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. يېرىم يىللىق سۇ، توك ۋە گاز ئىشلىتىش خىراجىتىنى ئۆيدە كىم ئولتۇرۇۋاتقان بولسا شۇ چىقىم قىلىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ئۆي سايمانلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىككى تەرەپنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ، ھەر قانداق بىر تەرەپنىڭ خالىغانچە ئېلىپ كېتىشىگە بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئوغرىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى دەپ قارىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

*ئىككىنچى دېلو مىسالى:*

لۇيىس بۇندىن 20 يىل بۇرۇن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتىدىن بىر دانە رەڭلىك تېلېۋىزور سېتىۋالغان. سېتىۋالغۇچى، ساتقۇچى تەرەپ توختامدا پۇلنىڭ مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلىنىدىغانلىقى، مۇددىتىنىڭ بىر يېرىم يىل بولىدىغانلىقىنى يازغان. شىركەت ھەر ئايدا لۇيىسنىڭ بانكا ھېساباتىدىن شۇ ئايلىق تۆلەشكە تېگىشلىك پۇلنى ئۇدۇللۇق ئېلىپ تۇرغان. لېكىن بۇ شىركەت ئەڭ ئاخىرقى ئېيىدا پۇل ئالغاندا لۇيىسنىڭ بانكا ئامانىتىدە ئىككى پېزېتا (17 پېزېتا بىر يۈەن خەلق پۇلىغا باراۋەر) نىڭ كەملىكىنى بايقىغان. 2 ـ كۈنى شىركەت لۇيىسقا پۇل تۆلەش ئۇقتۇرۇشىنى ئەۋەتكەن ھەمدە بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى پېزېتا پۇلنى شىركەتكە قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. لۇيىس ئۇقتۇرۇشنى ئالغاندىن كېيىن شىركەتكە بارغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋاقىتتا شىركەتتىكىلەر ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇ پۇلنى شىركەتكە بېرەلمەي ئۆيىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان. 20 يىلدىن كېيىن ئۆمرى ئاز قالغان لۇيىس تۇيۇقسىز سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇنىڭدا 20 يىل بۇرۇنقى قەرزنى قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنغانىدى. لېكىن ئەسلىدىكى ئىككى پېزېتا قەرز پۇلغا جەرىمانە سوممىسى ۋە دىرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ ھازىر تۆلەشكە تېگىشلىك پۇل 2 مىليون 850 مىڭ پېزېتاغا يەتكەن ئىكەن. سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ بۇ پۇلنى بىر ئاي ئىچىدە تۆلەپ بولۇشىنى، تۆلىيەلمىسە ئۇنىڭ 10 مىليون پېزېتاغا يارايدىغان ئۆيىنى رەنىگە قويۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. ھازىر لۇيىس ئېيىغا ئاران 70 ـ 80 پېزېتا پېنسىيە پۇلى ئېلىۋاتقاچقا، ئۇ بىر ئاي ئىچىدە سوت مەھكىمىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە پۇلنى تاپشۇرالمىغان. نەتىجىدە سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ مۈلكىنىڭ ئېلېكتىر سايمانلىرى شىركىتىگە تەۋە بولغانلىقىنى ھۆكۈم قىلغان. لۇيىس ساناتورىيىگە بېرىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان.

**(«قانۇن گۈلزارى» ژۇرنىلىدىن ئادىل تۇرسۇن تەرجىمىسى)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# سىنگاپور« ئاتا ـ ئانىنى بېقىش سوت كوللېگىيىسى » تەسىس قىلدى

قىزى تۇرمۇش پۇلى بېرىشنى توختاتقاندىن كېيىن 71 ياشلىق سىنگاپورلۇق ۋاڭ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ بۇرۇن توپلىغان ئازراق پۇلغا تايىنىپ تۇرمۇشىنى تەستە قامداپ كېلىۋاتقىنىغا 8 يىلدىن ئاشقان ئىكەن. ۋاڭ ئەپەندى ئىنتايىن ئاچچىقلاپ مۇنداق دېدى: « قىزىمىزنىڭ نەزىرىدە بىز ئۇنىڭ ئۆچ ئىتمىچىلىكمۇ بولالمىدۇق. »

ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە مەجبۇرىيەتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش جەھەتتە سىنگاپور ئۈلگىلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. لېكىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بۇ خىل ئالاھىدە قىممەت قارىشى بۈگۈنكى كۈندە سۇسلىشىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماسلىق ئەھۋاللىرى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى ۋە خېلىلا ئەۋج ئېلىپ قالدى. پاراۋانلىق ئورنى ۋە دوختۇرخانىدا پەرزەنتلىرى ئاتا ـ ئانىسىنى ئاپىرىپ قويۇپلا يوقلاپ بارمايدىغان، ھەتتا ئۆيگە ئەكەتمەيدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇردى.

ۋاپاسىز پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى ۋە ياشانغانلارنىڭ قانۇني ھوقۇق مەنپەئەتىنى تولۇق قوغداش ئۈچۈن، سىنگاپوردا ئاتا ـ ئانىنى باقماسلىق دېلولىرىنى قاراپ چىقىدىغان مەخسۇس سوت كوللېگىيىسى تەسىس قىلىندى، كىشلەر بۇنى « ئاتا ـ ئانىنى بېقىش سوت كوللېگىيىسى » دەپ ئاتىدى. بۇ كوللېگىيە بىر يېڭى قانۇنغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان. بۇ يېڭى قانۇندا قورامىغا يەتكەن پەرزەنتلەرنىڭ ئاسىيا جەمئىيىتىدە ئىزچىل تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان ئادەت بويىچە ياشانغان ئاتا ـ ئانىلارنى بېقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ 60 ياشتىن ئاشقان ياشانغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېقىشنى تەلەپ قىلىشنى قانۇني ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

« ئاتا ـ ئانىنى بېقىش سوت كوللېگىيىسى » قۇرۇلغاندا، ۋاڭ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىگە ئوخشاش بېقىشنى تەلەپ قىلغان زور بىر تۈركۈم ئاتا ـ ئانا كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ ياردەم سورىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھاسا تايىنىپ كەلگەن، بەزىلىرى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ بۇنچىۋالا كېلىشىنى سوتتىكى خىزمەتچى خادىملار ئويلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئامالسىز ياشانغانلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ كىرگۈزدى. ئۈچ يىل بۇرۇن بۇ تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋۇ پروفېسسور مۇنداق دېدى: « كوللېگىيە قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئاز دېگەندىمۇ 200 دېلونى تاپشۇرۇۋالدى ». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: « بۇ كوللېگىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ھۆكۈمەتنىڭ ئاتا ـ ئانىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇماسلىقنى پۇقرالارنىڭ سەمىگە سالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. »

پەرزەنتلىرى باقمىغان ياشانغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا « ئاتا ـ ئانىنى بېقىش سوت كوللېگىيىسى » شۈبھىسىزكى بىر ساۋابلىق ئىش، « ئاتا ـ ئانىنى بېقىش سوت كوللېگىيىسى »گە مۇ-

راجىئەت قىلىش ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. چۈنكى، قانۇندا پەرزەنتلەرنىڭ 60 ياشتىن ئاشقان ئاتا-ئانىلىرىغا قاراش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەن. سوتنىڭ كېلىشتۈرۈش خاراكتېرىدىكى سۆھبىتى ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى تۈگىتىشكە پايدىلىق. لېكىن «ئاتا-ئانىنى بېقىش كوللېگىيىسى» دېگەن ئىبارەت كېلىشتۈرۈش ئاپپاراتىغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ قارىشىدا ئىختىلاپ بار. ئۇنى تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ كوللېگىيىنى قۇرۇش ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرى ئىكەن. يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ كوللېگىيىنى قۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، ئۇ ھازىرقى ئاسىيالىقلارنىڭ قىممەت قارىشىنىڭ غەرب ئەللىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان، ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بىر قىسىم كىشىلەردە قوللاش پوزىتسىيىسى بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى، كەلگۈسى 25 يىلدا سىنگاپور نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىدىن كۆپرەكى 60 ياشتىن ئاشىدۇ. ئەگەر ئائىلە قارىشى كۈچەيتىلمىسە كەلگۈسى ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئائىلە دېلوسىغا مەسئۇل ئايال ئادۋوكات مۇنداق دېدى: «بىز بىر جەھەتتىن ياشلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچ چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار ئۆزلىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك باشقا مەجبۇرىيەتنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئىككى تەرەپ بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.»

**(«قانۇن گۈلزارى» ژۇرنىلىدىن ئادىل تۇرسۇن تەرجىمىسى)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# ئالاغىر يېزىسىدا نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نامرات ئائىلىلەرگە يار-يۆلەك بولۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمەكتە.

ئالدى بىلەن يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىرىي كادىرلار ئىككىدىن نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا ماددىي جەھەتتە ياردەم بەرگەندىن باشقا، ئەقىل كۆرسىتىش، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، يەرلەرگە مەبلەغ سېلىپ بېرىش جەھەتلەردە ئۈلگە ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن يېزا دائىرىسىدىكى 15 ئورۇن، 9 ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ بىردىن نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ يار-يۆلەك بولغاندىن باشقا، ھەر قايسى كەنتلەرنىڭ كادىرلىرى بىردىن نامرات ئائىلىنى، بىردىن قىيىنچىلىقى ئېغىر ئائىلىنى، ئايال كادىر ۋە پارتىيە ئەزالىرى بىردىن نامرات ئايالنى، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى بىردىن نامرات ئائىلىنى ھۆددىگە ئالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى ئېغىر 278 ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن ياردەم بەردى ھەم ئۇلارغا ئەقىل كۆرسىتىش، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، مەسلىھەت بېرىش، يېتەكلەش نەتىجىسىدە بۇلتۇر يىل بېشىدىن بۇ يىل 3-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھېيت-بايرام، ئۈزۈكچىلىك مەزگىللىرىدە ئۇلاردىن ھال سوراش، ياردەم قولىنى سۇنۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 16 مىڭ 250 كىلو ئاق ئاشلىق، 43 مىڭ 720 كىلو قارا ئاشلىق، 1345 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەك، 23 مىڭ 325 يۈەن نەق پۇل، 38 توننا كۆمۈر، 118 ھارۋا ئوتۇن، 132 كىلو ياغ، 145 كىلو گۆش ياردەم قىلىنغاندىن باشقا، 2350 ئادەم (قېتىم) پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتتى ھەم ئەقىل كۆرسىتىپ مەسلىھەت بەردى.

**(مارالبېشى ناھىيە ئالاغىر يېزىلىق پارتكومدىن ئوسمانجان بارات)**

# ۋىدالىشىش مۇراسىمى

ليۇلىيۇلياڭ

شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شيې تۇيۇقسىز يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئورگان زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا ئىدارىدىكى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. كىشىلەر بېشىنى ئېگىپ، ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە قەدىمىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكەپ ئۇنىڭ جەسىتىگە نۆۋەت بىلەن تازىم قىلدى... تۇيۇقسىز، «تى...تى...تىت» قىلىپ يانفون سايراپ كەتتى. كىشىلەر ئەتراپقا كۆز تىكىپ بۇنىڭ ئىدارە باشلىقى شيېنىڭ يېنىدىن چىققان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئېرى ياخشى كۆرىدىغان بەزى ئۇششاق نەرسىلەرنى (يانفونىنىمۇ قوشۇپ) ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، ئېرىنى كۆيدۈرگەندە ئۇ نەرسىلەرنىمۇ بىرگە قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئويلىغانىدى. ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن يانفون سايراپ قالدى. يانفوننى ئالماي دېسە سايراۋەردى. مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن ئىدارە باشلىقى شيېنىڭ يانچۇقىدىن يانفوننى ئالدى. «نېمىشقا تېخىچە كەلمەيسىز؟ — يانفوننى ئەمدى ئېچىشىغا قارشى تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — تېلېفون بېرەيمۇ دېمەيسىز، ساقلاپ ئۆلەيلا دېدىم!»

— نەگە بارىمەن؟ — دەپ سورىدى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن.

— گۇاڭجۇغا كەلمەمسىز! يالغاندىن ساراڭ بولۇۋالماڭ، ئىككىمىز گۇاڭجۇدا كۆرۈشۈشنى مەسلىھەتلەشمىگەنمۇ؟

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن ئاڭلاپ بىر ئاز چۈشەنگەندەك بولۇپ قەستەن سورىدى:

— سىز كىم؟ مەن سىزنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى زادى ئاڭقىرالمىدىمغۇ؟

— ئۈچ كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئادەم تونۇماس بولۇپ قالدىڭىزما؟ سىز مېنىڭدىن قەستەن ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قېچىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ ھەي ئىدارە باشلىقى شيې، ئەگەر بۇ قۇرۇلۇشنى باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىدىكەنسىز، مېنى يۈز ئۆرۈدى، شەپقەتسىزلىك قىلدى، دەپ قالماڭ!

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى چېن قاتتىق ۋارقىرىدى:

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز، مەن پاك ئادەممەن، سىزدىن قورقۇپ قالاتتىممۇ؟

ياندا تۇرغان شيې خانىم ئېرىنىڭ باش ئېغىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن قولىنى سوزۇپ يانفوننى تارتىۋېلىپ يۇقىرى ئاۋازدا سورىدى:

— سەن كىم، شيې سېنى قانداق تونۇيدۇ!؟

ھېلىقى ئايال سوغۇققىنە كۈلۈپ قويۇپ:

—مەن سىزگە دەپ قوياي، ئىدارە باشلىقى شىي، سىز مېنى يالغاندىن تونۇمىغان بولۇۋالماڭ، ئەسلىدە ئايالىڭىز يېنىڭىزدا ئىكەنده! بوپتۇ، ئۇنىڭغا دەپ قويۇڭ، مېنىڭ ئىشىمنى ئەتە بېجىرىپ بەرمىسە، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن!

—سەن. . . ، — شىي خانىم غەزەپتىن تىترەپ كەتتى-دە، يانفوننى ئىدارە باشلىقى شىينىڭ جەسىتىگە قارىتىپ ئېتىپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى:

—سەن قېرىغىنىڭنى تۇيمايدىغان نەرسە، ياخشى ئىش قىلماستىن يەنە تېخى سىرتلاردا قىز قوغلاپ يۈرۈپسەنده؟ ھەتتا ئۆلسەڭمۇ سېنى ئىزدەيدىكەن، مېنى قانداق ياشىسۇن دەيسەن؟

كىشىلەر بىر-بىرىگە قاراپ، يە يىغلاشنى، يە كۈلۈشنى بىلەلمەيلا قالدى، ھەتتا بەزىلەر پىچىرلىشىپ، خىلمۇخىل مۇلاھىزە قىلىپ، ۋىدالىشىش مۇراسىمى پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇراسىم مەيدانى يىغىشتۇرۇلۇۋاتقاندا، ئىشىك تۈۋىدە ئۈچ ئادەم پەيدا بولدى:

—بىز شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىدىن، ئىدارە باشلىقى شىينى ئىزدەپ كەلگەن، ئۇ چىقىپ بىز بىلەن ئىدارىگە بىر بارسۇن.

**( « تۇرمۇش كەچلىك گېزىتى »** نىڭ **2001** - يىل **1** - مايدىكى سانىدىن **تاھىر مامۇت** تەرجىمىسى)

## يۇمۇرلۇق ئېلانلار

### مېھمانخانا ئېلانى

بىر كىچىك مېھمانخانا ئىشىك يېنىغا مۇنداق بىر جۈملە خەت يېزىلغان تاختاينى قويدى: « بۇ يەرگە كېلىپ غىزالىنىڭ، بولمىسا، سىز، مەن، ھەممىمىز ئاچ قالىمىز! »

### گۈل دۇكىنى ئېلانى

بېرلىندىكى بىر گۈل دۇكىنى تىجارەت باشلىغاندا مۇنداق ئېلان چىقاردى: « بىر نەچچە تال گۈلنى سىز ياخشى كۆرىدىغان ئايالغا بېرىڭ، لېكىن، ئايالىڭىزغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ! »

### كۆز دورىسىنىڭ ئېلانى

« ... بۇ دورىنى كۆزىڭىزگە تېمىتقاندىن كېيىن، كۆزقارچۇقىڭىزنى بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرسىڭىز، بۇ دورا پۈتۈن يەر شارىنى قاپلايدۇ. »

### قەۋرە تېشىدىكى ئېلان

شوتلاندىيىدىكى بىر قەۋرىستانلىقتا، بىر قەۋرە تېشىغا مۇنداق خەت ئويۇلغانىدى: « بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكىنى ھايمىس، ئۇنىڭ ئازابلانغان ئايالى ئېرىنىڭ روناق تاپقۇزغان كەسپى كۆكتات، مېۋە-چېۋە دۇكىنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، دۇكان 11 - نومۇرلۇق يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا بولۇپ، ھەر كۈنى كەچ سائەت 8 گىچە تىجارەت قىلىدۇ. »

### كۆز ئەينەك دۇكىنىنىڭ ئېلانى

« كۆز كۆڭۈلنىڭ دەرىزىسى، كۆڭلىڭىزنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن، دەرىزىڭىزگە ئەينەك ئورنىتىۋېلىڭ. »

**تاھىر مامۇت تەييارلىغان**

# ئىقتىدارلىقلار قىلىپ، ئىقتىدارسىزلار ئۆستۈرۈلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ تەكتىگە نەزەر

باتۇرجان ئاتىخان

ئىقتىدارلىقلار قىلىپ، ئىقتىدارسىزلار ئۆستۈرۈلىدىغان ئىشلار گەرچە قىسمەنلىكنى ئىگىلەيدىغان ئەھۋال بولسىمۇ ئەمەلىيەتتىكى رىئال مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بىز سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى ھەقىقەتەنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ قوغدىغىنىمىزدا، ئاندىن ھەقىقىي نۇرلاندۇرغان بولىمىز.

كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى قاتمۇ قات كېڭىيىپ، مۇرەككەپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە راستىنى ئېيتقاندا ئالاقىدار سىياسەت، بەلگىلىمىلەر بەزى چاغلاردا مۇناسىۋەت چەمبىرىكىدىن ئۆزىنى سىرتقا ئالالمايۋاتىدۇ. قولىدا خېلى كۈچلۈك ھوقۇقى بار، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، يۆتكەش، ئۆستۈرۈشكە مەسئۇل بىر قىسىم رەھبەرلەر ئۆزىدىن بىر ھەسسە ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ماڭغان چۈمۈلىدەك تىنىمسىز ئاشۇ مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدە ئايلىنىپ ئۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايۋاتىدۇ.

ئىقتىدارى چاغلىق بىر قىسىم پوچى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەت ئېگى يۇقىرى ۋە مۇناسىۋەت تورىنى توقۇشقا ئېپى بولغاچقا، ئۇلار ھەممىشە باشلىقلار ئالدىدا پەيدا بولۇپ پۇل، خۇشامەت، مېھماندارچىلىق ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىگە سۆرەپ كىرىۋاتىدۇ. شۇڭا كادىرلارغا ئۇنۋان، ۋەزىپە، نام، ئەمەل بېرىدىغان ھالقىلىق پەيتلەردە تىلغا ئالىدىغىنى نەتىجىسى بار مۇنەۋۋەر كادىرلار بولماستىن بەلكى پوچى، خۇشامەتچى ساختىپەز كادىرلار بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىقتىدارلىقلار مۇناسىۋەت تورى توقۇشتا ئىقتىدارسىزلارغا يېتەلمەيۋاتىدۇ. پەقەت ئۇلار ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆز خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، ئۈنسىز تۆھپە قوشۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئاشۇ پوچى كىشىلەردەك ئۆزىنى كۆرسىتىش مۇناسىۋەت تورى توقۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باشلىقلارنىڭ قەلب ئېكرانىدا ئۇلارنىڭ سۈرىتى نۇرسىز، خۇنۇك كۆرۈنۈپ مىس – مىس، لۆم – لۆم ياكى جۈرئەتسىز دېگەندەك ناملار بىلەن بىر چەتكە تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

بىز نەزەرىيە نۇقتىسىدىن بارلىق رەھبەرلىكلەرنى پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن كىشىلەر، ئۇلار پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى نۇقسانسىز ئىجرا قىلىدۇ دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە بولسا نەزەرىيە جەھەتتىكى بۇ خىل قارىشىمىز بىلەن بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا سىغىشالمايدىغان ئىسپاتلارنىڭ بارلىقى « مانا مەن » دەپ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

پارتىيىمىزنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن « ئىدىيىۋى ئىستىملى دۇرۇس ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولغانلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك » دېگەن بەلگىلىمىلىرىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا بىز كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بەزى ئىشلاردىن ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز. ئەلۋەتتە بىر قىسىم رەھبەرلىرىمىز رەسمىي سەھنىلەردە تۇرۇپ، پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار سىياسىتىنى زوق - شوخ بىلەن سۆزلەيدۇ - يۇ، ھالقىلىق پەيتلەردە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاكتىپ كادىرلار بىلەن پاسسىپ كادىرلار بىر تاياقتا ھەيدىلىدىغان، بەزى چاغلاردا پاسسىپ كادىرلار تۆرنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئېلىپ ئەتىۋارلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى پارتىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدە مۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈش بار. ئۇ بولسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان مۇناسىۋەت چەمبىرىكى. ئەگەر رەھبەرلىك قاتلىمىمىزدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق كىشىلەرنى مۇناسىۋەت تورىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى دېسەك رېئاللىقنى ئىنكار قىلغان بولىمىز.

خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ئىبرەت قىلىنغان كادىرلارنى بەش - ئالتە ئايدىن كېيىن يەنە ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويىدىغان ئەھۋاللارنىمۇ كۆردۇق. بۇلارنى يەنە قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ شۇنچە ياخشى ئىشلىسىمۇ ئۆستۈرۈلمەيدىغانلار بار. بەزىلەر مەسىلە سادىر قىلىپ تۇرۇپمۇ تېزلا ئۆسەلەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى ئۇلارنىڭ « مەسئۇلىيەتسىزلىكى » گە بېرىلگەن مۇكاپاتمۇ قانداق؟

دېمەك، خۇلاسىلىغىنىمىزدا مۇناسىۋەت تورى پرىنسىپقا خىلاپ بولغان « ئۆز - ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش » ئەھۋاللىرى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىسىنى چىرمىۋالغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى مۇناسىۋەت چەمبىرىكىنىڭ سىرتىغا چىقالماي، پەقەت چەمبىرەك ئىچىدە ھەمسۆھبەت بولغان كىشىلەرنىلا تونۇپ، ئۇنىڭ سىرتىدىكىلەرنى تونۇمايدىغان قىلىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا سەل قاراش ئىدىيىسى ئىقتىدارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ روھى چۈشكۈنلىككە ئۇچراپ، زارلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان.

مەسئۇل مەھەررىر : تاھىر مامۇت

59

## كەسپداش

مەلۇم بىر كىشى تاماق يېمەكچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپتۇ. تاماق باھاسىدىكى « بەش مىڭ يۈەن » دېگەننى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ - دە، كۇتكۇچىدىن:

— كەسپداشلار ئارىسىدا باھا چۈشۈرۈپ بېرىلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىزمۇ ئاشخانا ئاچامسىز؟

— ياق، مەن بۇلاڭچى.

تاھىر مامۇت تەرجىمىسى

# جەرىمانە قويۇش راستىنلا مەمۇرىي ھوقۇق ئاجىزلاپ قالغانلىقمۇ؟

قۇربان ئابلىمىت

ئىسلاھات شامىلىنىڭ ھەر قايسى ئىجتىمائىي تارماقلارغا كىرىشى نەتىجىسىدە، جەمئىيەتتە ھازىر بەس ـ بەس بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش، يۈكسىلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. ئەمما ئىقتىساد ھەممىنىڭ جان تومۇرى بولۇۋاتقان، ئىقتىساد ئارقىلىق خەلق ئاممىسى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا باشلىغان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە بىر قىسىم نامۇۋاپىق ھادىسىلەر، ئىدىيىنى، ھەرىكەت ـ مىزانىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا. بولۇپمۇ يېزىلاردا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغاچقا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل خاتا تەسەۋۋۇرلار پەيدا بولماقتا. ھە دېسىلا جەرىمانە قويۇش، ئىقتىسادىي جىسىم ئارقىلىق باشقۇرۇش مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا.

يېقىندا مۇنداق بىر ئىشنى ئۇچراتتىم: بىر دېھقان كەنتتىن ئورۇنلاشتۇرغان قىش پەسلىدە كېلەر يىللىق كېۋەز يېرىگە قوم قويۇش ۋەزىپىسىنى كېسەللىك سەۋەبىدىن دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىپ ئورۇنلىيالمىغاچقا، كەنت كادىرلىرى بەش موـ يەر ئۈچۈن يۈز يۈەن جەرىمانە ئالغان. بۇنداق مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن. مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ ئاغزىدا «جەرىمانە قويۇش مەمۇرىي ھوقۇق ئاجىزلاپ قالغانلىق، ھۆكۈمەتنىڭ ئۈششۈقلۇقى، بولمىسا ئىلگىرىكىدەك جەرىمانە قويمايمۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىپ كەتكەن بولاتتى. . .» دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ يۈرمەكتە.

جەرىمانە قويۇش راستىنلا مەمۇرىي ھوقۇق ئاجىزلاپ قالغانلىقمۇ؟

ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بۇ يەردىكى مەسىلە دېھقانلارغا بولغان تەشۋىق ـ تەربىيەنى ياخشى ئېلىپ بارماسلىق، دېھقانلاردىن قالايمىقان سېلىق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇشتا. ھەممىگە ئايانكى، جەرىمانە قويۇش مەقسەت ئەمەس بىر ۋاسىتە، لېكىن بۇ ۋاسىتە چېكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان كادىرلار تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ھەممە ئىشتا ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى دېھقانلارغا توغرا يەتكۈزگەن، ئىجرا قىلىنغان بولسا، بۇنداق خاتا قاراشلار پەيدا بولمىغان بولاتتى. ئېنىقسىزلىنارلىقى، بىزنىڭ كادىرلىرىمىزنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەنت لابالىرىدا تۈۋلايدىغانلىرى قۇرۇق ئەمىر ـ پەرمانلار، تەشۋىقات ئورنىدا قويىدىغىنى قۇلاقنى گاس قىلىدىغان ناخشىلار خالاس.

يەنە شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئىشلىمەك ھەقىقەتەن قىيىن، شۇنداقتىمۇ خەلق ئىشىنىپ سايلىغان بىر كادىر ئۆزىدە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشتەك ئالىيجاناپ پەزىلەتنى تۇرغۇزسا مەسىلە تۇغۇلمايتتى. بىراق بىزدە ئۇنداق كادىرلار تو-

60

لىمۇ ئاز. ھازىر خەلق ئاممىسىنىڭ قورسىقى توق، كىيىم - كېچەك پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، ئىقتىسادى تۆۋەن، تۇرمۇشى جاپالىق ئۆتۈۋاتقان ئائىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋالدا، جەرىمانە قويۇش، قالايمىقان سېلىق سېلىش ھادىسىلىرى خاتا قاراشلارنى پەيدا قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىدىكى رولىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىگە داغ تەگكۈزمەي قالمايدۇ. شۇڭا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تەشۋىق - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، قالايمىقان جەرىمانە قويۇشنى توختىتىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، قانۇننىڭ ئابرۇيىنى قوغداپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتقا سوغۇق سۇ سېپىدىغان سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى توختىتىشىمىز كېرەك.

**مەسئۇل مۇھەررىر : سەمەت دۇگايلى**

**ئىدىيە ھەققىدە** : ئىدىيە ۋە دىنىي ئەقىدىنىڭ جىنايەتچىسى تۇرمىدىكى جىنايەتچىدىنمۇ قەبىھ بولىدۇ چۈنكى كېيىنكىسى پاسسىپ بولىدۇ، ئالدىنقىسى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بولىدۇ.

**پىشىپ يېتىلىش ھەققىدە** : بەزىلەرنىڭ قارىشىچە پىشىپ يېتىلىش ئۆزىگە ئىشىنىش بىلەن ماس قەدەمدە ماڭىدىكەن.

توغرا، پىشقان سىياسىيونلار دائىم يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزىگە ئىشىنىدۇ.

لېكىن، زىيادە پىشىپ كېتىش بىلەن سېسىش ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەملا ئارىلىق بار.

**تۇرغۇنلۇق ھەققىدە** : بىر ئىزدا توختاپ قېلىش بەزىدە بىر خىل « تۇرغۇنلۇق » دەپ خاتا ئىزاھلىنىدۇ.

قاششاقلىقتا ئۇزۇن تۇرمۇش كەچۈرگەن ئادەملەر تۇرمۇشۇم تۇرغۇن ھالەتتە ئۆتۈۋاتىدۇ دەپ تەسەللىي بېرىشىدۇ.

ئەكسىچە، پاسسىپلىقنى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغان ئادەملەردە خاتىرجەمسىزلىك تۇيغۇسى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، چاكىنا ئادەملەر ئادەتتە ئەركىنلىكنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەكسىچە تۇرغۇنلۇقنى تاللايدۇ.

**قوشنىدارچىلىق ھەققىدە** : مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپقا ئوخشايدۇ.

ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھەم قوشنا بولۇپ، سەممىي مۇھەببەتنىڭ نەپرەتكە ئايلىنىشى دائىم ھەش - پەش دېگۈچىلا يۈز بېرىدۇ.

**پاكلىق ھەققىدە** : چاكىنىلىق بىر خىل « كېسەل » يەنى، بىر خىل تارقىلىشچان كېسەلدىنمۇ ئېغىر ھەم قورقۇنچلۇق ئاپەت.

ئۇنىڭ ئەڭ ئېچىنىشلىق تەرىپى شۇ يەردىكى، چاكىنىلىقتا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئەلدىكى ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئەركىن تەپەككۇر قىلىپ، ئىجادىيەتكە ئىنتىلگەن ئاز سانلىقلارنى « كۆپ سانلىقلار » بۇرنىغا نوقۇشلاپ تۇرۇپ : « كاللىسىنىڭ سۈيى بار » دەپ تىللىشىدۇ.

**(« ياشلار - ئۆسمۈرلەر تېز گېزىتى » نىڭ 2001 - يىل 21 - مايدىكى سانىدىن)**

**تاھىر ماموت تەرجىمىسى**

# بىمارلار داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار

**بىرىنچى، داۋالىنىش ھوقۇقى:** پۇقرالار كېسەل بولۇپ قالغاندا ياكى باشقىلار تەرىپىدىن زەخىملەندۈرۈلگەندە، كېسەللىكنى ھەرقانداق بىر داۋالاش ئورنىغا بېرىپ داۋالىتىپ، داۋالىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ.

**ئىككىنچى، ھاياتلىق ۋە ساغلاملىق ھوقۇقى:** بۇ ھاياتلىق ھوقۇقى ۋە تەن ساغلاملىق ھوقۇقى بولۇپ، پۇقرالارنىڭ ھاياتىنى ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ پەرمانىسىز ھېچقانداق كىشىنىڭ خالىغانچە نابۇت قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. پۇقرالار ئۆز تېنىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ۋە تەن ئەزالىرىنىڭ نورمال ھەرىكەت قىلىشىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە.

**ئۈچىنچى، كېسەللىك ئەھۋالىنى بىلىش ۋە قوشۇلۇش ھوقۇقى:** بىمار ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىلىش ۋە تۆلىنىۋېتىلگەن داۋالىنىش راسخوتى ۋە تۆلەش ئالدىدا تۇرغان داۋالىنىش راسخوتى ھەمدە دوختۇرنىڭ قويغان دىئاگنوزىنى بىلىش، دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشىغا ياكى ئالاھىدە تەكشۈرۈشكە قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىق ھوقۇقىغا ئىگە.

**تۆتىنچى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ھوقۇقى:** بىمارلار ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى، تېنىنىڭ يوشۇرۇن قىسىملىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى، غەيرىي يېتىلىپ قېلىشتەك نورمالسىز ئەھۋاللىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىك ھوقۇقىغا ۋە ئەركىنلىككە ئىگە. دوختۇرخانا ۋە دوختۇرلارنىڭ بىمارنىڭ كېسەللىكىنى قانۇنسىز ئاشكارىلىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ.

**بەشىنچى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ھوقۇقى:** بىمارلار داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە ياش چەكلىمىسى، كېسەل تۈرى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن داۋالىغۇچىلارنىڭ تۆۋەن كۆرۈشىگە، ئادىل بولماسلىقىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ھەر قانداق بىمار ئوخشاشلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

**ئالتىنچى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ھوقۇقى:** بىمارلار دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە مەيلى خەت ياكى تېلېفون ياكى يۈز تۇرانە كۆرۈشسۇن، ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە.

**يەتتىنچى، تۆلەم ھوقۇقى:** دوختۇرلارنىڭ خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشى سەۋەبىدىن بىمارنىڭ سالامەتلىكى زىيانغا ئۇچرىسا، بىمار قارشى تەرەپنىڭ ئۆز تېنىگە كەلتۈرگەن زىيىنىغا تۆلەم تۆلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئېلىمىز «ھەق-تەلەپ قانۇنى» دا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «پۇقرالارنىڭ تېنىنى زەخىملەندۈرۈپ كەلتۈرگەن زىيىنىغا نىسبەتەن، داۋالىنىش ھەققى، ئىشتىن توختاپ قېلىپ كېمەيتىلگەن ئىش ھەققى، مېيىپ بولغۇچىنىڭ تۇرمۇش راسخوتى قاتارلىقلارنى تۆلەپ بېرىش، ئەگەر ئۆلۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يۇقىرىقىلارنى تۆلەش بىلەن بىرگە ئۆلۈم ئۇزىتىش ھەققى، زىيانغا ئۇچراپ ئۆلگۈچىنىڭ ھايات چېغىدا بېقىۋاتقان بالا-چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا زۆرۈر بولغان تۇرمۇش ھەققىنى تۆلەپ بېرىش كېرەك». بىمارلار يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ئۆز ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلانسا بولىدۇ.

(«ساغلاملىق گېزىتى» دىن مېھرىبانۇم ئابدۇللا ھاجىم تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم



# « ئاقىللار » سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندۇ



مەكتىپىمىز بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى يىللىق باشلانغۇچ ئاقىللار سىنىپلىرىغا، تولۇقسىز ئوتتۇرا بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى يىللىق « ئاقىللار » سىنىپلىرىغا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ.

مەكتىپىمىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بارلىق دەرسىنى بەش يىلدا تاماملايدۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئۆرلەپ ئوقۇش نىشان قىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلى كۆچەيتىلىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى خەنزۇ تىلىدا ئېلىنىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى كۈچەيتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل ئالىي مەكتەپلىرىگە ئىنگلىز تىلىدا ئىمتىھان بېرىش سەۋىيىسىنى يېتىلدۈرۈش نىشان قىلىنىدۇ.

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى « 586 »، « 686 » تىپلىق كومپيۇتېر بىلەن تەمىنلەپ، كومپيۇتېردا تەكرار ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەش، دەرس ئاڭلاش، كومپيۇتېرنىڭ ھەر خىل كاشىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيىسىنى يېتىلدۈرىدۇ. تولۇق 3 يىللىقتا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ ئادەتتىكى رېمونت تېخنىكا بىلىملىرى ھەم شوپۇرلۇق تېخنىكىسىمۇ ئۆگىتىلىدۇ. يەنى، ھازىرقى زامان ئىختىساس ئىگىلىرىگە قويۇلىدىغان ئۈچ تەلەپ: ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر ۋە ماشىنا ھەيدەش تېخنىكىسىنى ئىگىلەش « ئاقىللار » سىنىپلىرىمىزدا ئەمەلىيلىشىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارنى يېرىم ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇپ، جەمئىيىتىمىزگە كېرەكلىك ئىختىساس ئىگىسى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 50، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتۈش نىسبىتى % 98 كە يەتكۈزۈش نىشان قىلىنىدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسە، ئوقۇش ھەققى ئالماي ئوقۇتۇپ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكۈچە تەربىيىلەيدۇ.

مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلارنى يوتقان، كۆرپە قاتارلىق بارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ياتاقلىرىمىز ئازادە، رەتلىك بولۇپ، ھەممىسىگە تېلېفون ئورنىتىلغان، ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشكەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق.

مەكتىپىمىز ئوقۇغۇچىلارنى داۋالىنىش بىخەتەرلىك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرىدۇ. ئادەتتىكى كېسەللىرىنى مەكتەپ ئىچىدە داۋالايدۇ. چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا توغرا كەلسە، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

مەكتەپ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈندە تۆت قېتىم، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى كۈندە ئالتە قېتىم ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بىر يىلدا تۆت قۇر ئىچ كىيىم، تاش كىيىم، ئاياق تارقىتىپ بېرىدۇ. ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى، ئوقۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەر مەۋسۇمدە مەكتەپ ئادەم ئاجرىتىپ ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

بىر يىللىق ئوقۇش راسخوتى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 12 مىڭ يۈەن، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 11 مىڭ يۈەن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 10 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

ئوقۇتۇشنى خالىغۇچىلار پەرزەنتىنىڭ ئەسلى ئوقۇغان مەكتىپىدىكى ئۆتكەن ئىلمىي نەتىجىسى بىلەن ئوقۇغانلىق ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىپ مەكتىپىمىز بىلەن پەرزەنتىنى تەربىيىلەش توختامى تۈزىدۇ.

پەرزەنتلىرىنىڭ ئەتىسىنى ئويلىغان ۋە « ئاقىللار »دىن قىلىپ تەربىيىلەشنى ئارزۇ قىلغان ئاتا - ئانىلارنىڭ تېزدىن مەكتىپىمىزگە كېلىپ تىزىملىتىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تىزىملاتقىلى كەلگەندە، ئوقۇغان مەكتىپىنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى، ئۆرلەش ئىمتىھان نەتىجىسى، ئوقۇغانلىق ئىسپاتى، شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈش ئىسپاتى ۋە بىر سۇڭلۇق رەسىمدىن 10 پارچە ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

**تىزىملاش ئورنى :** ئۈرۈمچى قارلىغاچلىق يولى 30 - قورا

**تىزىملاش ۋاقتى :** 2001 - يىلى 7 - ئاينىڭ، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە بولىدۇ.

**تېلېفون :** 2877540، 2860198، 2865713، 2861918

ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمى

2001 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

# جىمىنەي ناھىيىسى



جىمىنەي ناھىيىسى قازاقىس-
تان جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرىلى-
نىدۇ، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇن-
لۇقى 141 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ
ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگ-
رىسىغا جايلاشقان مۇھىم جاي. نا-
ھىيە ئومۇمىي نوپۇسى 36100 بولۇپ،
خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قا-
تارلىق 16 مىللەتتىن تەركىب تاپقان،
بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلار 61 % نى،
خەنزۇلار 35.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ
ناھىيە چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان، يېزا
ئىگىلىك بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۇ-
رۇلگەن تىپىك ناھىيە ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىن ئىبارەت تارىخىي
پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش ئۈچۈن جىمىنەي
ناھىيىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە
پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ
تۇرۇشنى يېتەكچى قىلىپ، ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، خەلقنى
بېيىتىش، ناھىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش
نىشانىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا، بايلىق ۋە
زېمىن ئەۋزەللىكىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن
كۈچنى چوڭقۇر قېزىپ، بازار ئىگىلى-
كىنى يېتەكچى، قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى
ئاساس قىلىپ، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋە
پەن - مائارىپ ئارقىلىق ناھىيىنى گۈل-
لەندۈرۈشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قى-
لىپ، ئۇل كەسىپلەرنى زورايتىپ، يې-
ڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يې-
تىشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، پۈرت
ئىقتىسادىنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈ-
رۈش يولىدا مېڭىپ، ناھىيە دائىرىسىدە
ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆلىمىنى زو-
رايتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش سۈپى-
تىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىسادنى
ئاشۇرۇش شەكلىدە بۇرۇلۇش ھاسىل
قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى-
نى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نوپۇس، بايلىق،
مۇھىت بىلەن ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ
سىجىل تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.





گۈزەل - باي تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقى



تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى يېڭىدىن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان 11CYJQ تىپلىق ئىككى قۇتۇپىي تەڭپۇڭ كاچالكا، ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئەلا مەھسۇلات بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. گەندىن كېيىن نېفىت ئېلىش ئىقتىدارىنى % 35 - 30% كىچە ئاشۇردى .

## تەرەققىي قىلىۋاتقان تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى

(بېشى مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە) نۆۋەتتە، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى جۇڭگودا مۇلازىمەت ماركىسى تىزىمغا ئالدۇردى ھەمدە ئامرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق 10 نەچچە دۆلەت ۋە رايون بىلەن تېخنىكا ھەمكارلىقى ئورناتتى. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت تىجارەت ھوقۇقى بار، 15 دۆلەت ۋە رايوندىكى 40 تىن ئارتۇق چەت ئەل شىركىتى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. قوماندانلىق شتابى ماشىنا ياساش، نېفىت، گاز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، نېفىتلىك خىمىيىسى، سودا قاتارلىق كەسىپلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بىر تۈركۈم غوللۇق كارخانا ۋە كۆزىر مەھسۇلاتلارغا ئىگە بولدى. قۇدۇق بۇرغىلاش، قۇدۇق ئۆلچەش، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى، يەر شارى فىزىكىسى ئارقىلىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتى جۇڭگو نېفىتى ئىچكى ھەمكارلىق ئەترىتىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى نېفىتلىك قۇرۇلۇشى، ترانسپورت، يول ياساش بازىرىدا تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە بولدى.



تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابىنىڭ يول ياساش شىركىتىدە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىسىدىن 40 يۈرۈش بار بولۇپ، ھەر خىل يول قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ياساشقا قاتناشتۇرۇلغان تۇرپان — ئۈرۈمچى — داخۇاڭشەن يۇقىرى دەرىجىلىك تاش يولىنىڭ بىر بۆلىكى.



قۇمۇل نېفىتلىك بازىسى دۆلەت تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئالدىنقىلار ئولتۇراق رايونى» دەپ نام بېرىلىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى 400 ئىلغار ئورۇن قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.



زامانىۋىلاشقان قۇمۇل نېفىتلىك بازىسى

# يېڭى ئەسىردە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان

## —— تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى



تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇمۇلنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى پائال قوللىدى ۋە يېتەكلىدى . سۈرەتتە ، باركۆلدىكى ئاپەت رايونىغا پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى



شىركەت ئىجاد قىلغان توك ئارقىلىق تەنۇر ئۇلاش ، تەنۇر قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇرلىتىش تۈگمىنى ياساش تېخنىكىسى دۆلەتنىڭ پاتېنت هوقۇقىغا ئېرىشتى . سۈرەتتە ، 50 مىڭ كۇبمېتىرلىق ماي ساقلاش باكىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلماقتا .



تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ـ ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇدۇق ئاستى تېخنىكا مەشغۇلات شىركىتى خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن نېفىت گاز قۇدۇقى مەشغۇلات كەسپى شىركىتى . سۈرەتتە ، بېسىم بىلەن قاتلام يېرىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلماقتا .




قوماندانلىق شتابىنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت يىغىنى

تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېچىشقا قو-ماندانلىق قىلىش شتابى نېفىت ، گاز قۇدۇقى بۇرغىلاشنى ئاساس قىلىپ ، يەرشارى فىزىكىسى ئارقىلىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش بىلەن تەتقىق قىلىش ، قۇدۇق قېزىش ، ئۆلچەش ، قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى ، ماشىنىسازلىق ، نېفىت گاز خىمىيە سانائىتى قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەر مۇ- كەممەل، ئەمەلىي كۈچى زور چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىسى بولۇپ ، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىگە ئەزا كارخانا . باش شتابى قۇمۇلدا ، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش سى- تېمىسى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان پىچاندا . ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلات دائىرىسى شىنجاڭ ، گەنسۇ ، چىڭخەي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا- دىكى دۆلەتلەردىن كېسىپ ئۆتىدۇ ، ئۇ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ياخشى ، مۇقىم تىجارەت مۇھىتىغا ئىگە بولۇپ ، قولايلىق قاتناش ئەسلىھەلىرى ۋە تەرەققىي قىلغان تىرانسپورت سىستېمىسىنى ها- زىرلىغان .

(ئاخىرى مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە)



تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ـ ئېچىشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى ئىلا مۇلازىمەت ۋە ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىپ خەلقئارا رىقابەتكە ئاتلاندى . سۈرەتتە ، تۇرپان ـ قۇمۇل قۇدۇق قېزىش بۇرغىلاش ئەترىتىدىكىلەر مەشغۇلات ئۈستىدە .

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1166/D باھاسى: 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433